ئەسەرلەر گۈلىستانى

# بىلىم سۆڭەككە يىلىكتۇر

(ئەتەبەتۇل ھەقايىق)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# بىلىم سۆگەنلىكى بىلىكتۇر

(ئەتەبەتۇل ھەقايىق)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئەنۋەر ھەسەن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب

图书在版编目（CIP）数据

知识是骨髓：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-752-8

I. 知… II.阿… III.维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第024484号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　知识是骨髓
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾尼瓦尔·艾山
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009年3月第1版
印　　次　2009年3月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-752-8
定　　价　9.90元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: بىلىم سۆڭەكتىكى يىلىكتۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-752-8
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «بىلىم سۆھبەتىنىكى يىلىكتۇر» دېگەن كىتابتا قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئەما ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى(تەخمىنەن 1110 – 1180 ـ يىللار) نىڭ ھاياتى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) داستانىنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىگە ئىلاۋە[1]

روزى سايىت

14 باب، 484 مىسرالىق (ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان 3 پارچە شېئىرنى قوشقاندا جەمئىي 512 مىسرا) زور شېئىرىي ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد مەھمۇد ئۆز ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنىلا قەيت قىلغاندىن باشقا مەلۇمات قالدۇرمىغان. ئەمما، بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان بۇ كىتاب ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىپ يازغان شېئىرىدا:

«ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئېرۈر،
سەفالىغ ئەجەب يەر كۆڭۈللەر يارۈر.
ئاتاسى ئاتى مەھمۇد يۈكنەكى،
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ھېچ شەكلى.»

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 6 ـ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمىسى:

ئەدىب يۈرتى نامىنى يۈكنەك ئاتار،
ئۇ زەپ ساپ ھاۋا جاي، كۆڭۈل يايرىتار.
دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى،
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى، بۇنىڭ يوق شېكى.

دەپ ئەسكەرتسە، ئىسمى نامەلۇم يەنە بىرسى ئىلاۋە قىلغان شېئىرىدا:

«توٴغا كوٴرمەز ئەدى ئەدىبنىڭ كۆزى...»

تەرجىمىسى:

ئىدى توٴغما كۆرمەس ئەدىبنىڭ كۆزى...

دەپ چۈشەنچە بىرىلگەن.

يۇقىرىقى ئىلاۋىلەردىن شۇنى ئاساسلاشقا بولىدۇكى، كىتاب ئاپتورىنىڭ ئىسمى ئەھمەد، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد، يۇرتى يۈكنەك، ئەدىب توغۇلۇشىدىنلا ئەما، يەنى كۆزى كۆرەلمەيدىغان كىشى...

ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى داستانىنىڭ 14 - بابىدىكى 139 - كۇپلىتىدا:

ئاندىن ئۇش چىقاردىم بۇ تۈركى كىتاب،
كەرەك قىل تاپ ئەي دوست، كەرەك قىل ئىتاب.
بىتىدىم بۇ تاڭسۇق تۈرەنى سۆزلەرىن،
قالى بارسا ئۆزۈم، سۆزۈم قالسۇن دەپ.

تەرجىمىسى:

شۇڭا تۈركىي تىلىدا چىقاردىم كىتاب،
قوبۇل قىل، كېرەك ئەت، ئەيىب بولسا تاپ.
يېزىلدى ئۇ تەڭسىز گۈزەل سۆز بىلەن،
كېتەرمەن، سۆزۈمنى كۆرەر دەپ ئاتاپ.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تىلى «تەڭداشسىز، گۈزەل سۆز»، «تۈركىي تىل» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلسا، بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخاننىڭ ئىلاۋىسىدە:

تامامى ئەرۇر كاشغەرى تىل بىلە،
ئايىتمىش ئەدىب رىققادى دىل بىلە.

تەرجىمىسى:

يېزىلغان ئەسەر قەشقەرى تىل بىلەن،
ئەدىب سۆزلىگەن بۇنى چىن دىل بىلەن.

دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۈركىي»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋە «قەشقەرى» ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» قامۇسىدا قەيت قىلىنغان «خاقانى تۈرك تىلى» بولۇپ، ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، گەرچە ئەسەر مۇئەللىپى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنى قاچان يېزىپ قالدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئۆز كىتابىدا بىرەر مەلۇمات قالدۇرمىغان بولسىمۇ، داستاندا ئىشلىتىلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەينى دەۋردە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان چاغاتاي تىلى ئامىللىرىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ، ئەسەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى) يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەر. ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ئەينى دەۋر ئىسلام ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا بولۇپ، باشتىكى تۆت باب تەڭرى، پەيغەمبەر ۋە چاھارىيالارغا ھەمدۇسانا، زامان شاھىغا مەدھىيە ئېيتماق بىلەن تولۇقلانغان. كىتابنىڭ 5 ـ بابىدا ئاپتور ئۆز كىتابىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلغان. قالغان توققۇز بابتا ئەدىب ئەھمەد ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئانا لەۋزى بولغان تۈركىي (قەشقەرى) تىلىدا ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ يېقى پىكىر، ئورۇنلۇق مۇلاھىزە، كۆچلۈك قايىل قىلارلىق مەنتىقە، ئوبرازلىق تەپەككۇر، شۇنداقلا باي تەسەۋۋۇر شەكىللىرىنى جايىدا، ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىپ، كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە، تىلنى

www.uyghurkitap.com

تىزگىنلەش، گۈزەل سۆزلۈك بولۇشقا، مەردلىك، كەمتەرلىك، ئادىللىققا دالالەت قىلىپلا قالماي يەنە بىلىمسىزلىككە، جاھىللىققا، پىخسىق، ئاچ كۆزلۈككە ۋە تەكەببۇرلۇققا نەپرەتلىنىشكە چاقىرىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈلۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان. مەن بۇ نەشر نۇسخىسىغا ئاساسەن ئەسەرنى نەزمىلەشتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى (1981 ـ يىللىق 2 ـ سان) دا ئېلان قىلغان ئىدىم. ئارىدىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. كۆرگەن ـ ئوقۇغانلىرىمنىڭ كۆپىيىشى، ئۆگەنگەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ 20 يىلنىڭ ئاۋۋالقىسىدىن تولۇقلىنىپ بېرىشى مېنى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تەرجىمىسىگە يەنە بىر قېتىم ئىشلەشكە، ئەينى چاغدا يەڭگىللىك بىلەن، قول ئۇچىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمنى تۈزىتىشكە تەقەززا قىلدى...

شۇ ۋەجىدىن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بۇ نادىر داستانىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىگە لايىقلاشتۇرۇپ، تىلىنىڭ ئەينەنلىكى ۋە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئۆز ئەينىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا شېئىرىي يول بىلەن پىششىقلاپ چىقتىم. بۇرۇن خاتا كەتكۈزگەن، مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتكەن سۆز، مىسرالارنى سادىقلىق بىلەن تۈزەتتىم.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى يېزىلىپ ھازىرغىچە 800

يىلـدەك تـارىخىي جـەريانىى بېشـىدىن كەچۈرگـەن بولسـىمۇ، ئاممىبـــاپ، چۈشىنىشـــلىك قىلىـــپ ئىپادىلىگـــەنلىكى، پەلسەپـىۋىلىكى، مۇلاھىزىلـەرىنىڭ چوڭقۇرلۇقـى، مـەنتىقىي خۇلاسـىلەرىنىڭ دەل جـايىدا بولۇشـى ۋە تەشـبىھ، مـەجازىغا بـايلىقى، بـەدىئىي جەھـەتتىن كامالەتكـە يەتكـەنلىكى... دەك ئـالاھىدىلىكلىرى بىلـەن ھېلىھـەم ئـۆز قىممىتىـنى ساقلاپ كەلگـەنلىكىنى، بـۇ ئەسـەرنى ئوقـۇش، تـەتقىق قىلىشـنىڭ ھازىرمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئىزاھلاش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئـەجدادلىرىمىزدىن قالغـان تـەۋەررۈك ئـەدەبىي مىسـراللارغا ئىلمىي تـەرزدە ۋارىسـلىق قىلىش، تـەتقىق، تـەتبىق قىلىش ھـەربىر ۋىجدانلىـق كىشىگـە، بولۇپـمۇ ياشـلارغا پـەرز ۋە قـەرز! تىل پەرقى تۈپەيلىدىن، خېلى كۆپ ساندىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشـلىق بىلىـم خۇمـار ئىزدەنگـۈچىلىرىمىز تـەۋەررۈك مىراسـلىرىمىزنىڭ بىـرى بولغـان مـەزكۇر داسـتاندىن بەھرىلىنەلمـەيۋاتقان ئەپسۇسـلۇق ھالـەتنى تۈگـىتىش، يەنـە كـېلىپ شـېئىرىي ئەسـەرلەرنى شـېئىرىي يولـدا ئوقـۇپ بەھرىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ قىلغان بۇ ئەجرىلىك مېھنىتىم زامانداشـلىرىمنىڭ ۋە مـەندىن كېيىـن ئاپـىرىدە بولىدىغـانلارنىڭ نەزىرىگـە مـەنزۇر بولالىسـا، مـەن رازى ۋە خۇشال. ئەھمەد يۈكنەكى مەزكۇر داستانىنىڭ تۈگەنچىسىدە:

ئايا، كېيىنكىلەر، ئوقۇساڭ گەر بۇنى،
ئۇنۇتماي، دۇئايىڭدا يادلا مېنى.
ساڭا ھەدىيە تەڭدىشى يوق بۇ سۆز،
دۇئا ھەدىيە قىل ئۆزۈڭمۇ، قېنى؟!

www.uyghurkitap.com

دەپ يازغان. «كېيىنكىلەر»نىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا تەڭدىشى يوق ئېسىل سۆز دۇردانىلىرىنى جەملەپ، ھەدىيە قىلغان ساھىب قەلەم ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىگە ئارزۇ - تەلىپى بويىچە بۇ ئەرزىمەس شېئىرىي تەرجىمەمنى «دۇئا» سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈممۇ مەندىن كېيىن كېلىدىغان يەنە بىر ئەۋلادقا دەيدىغىنىم:

بىلىم ئىشتىياقى ئىكەن چىن نىيەت،
ئوقۇ، بۇ كىتابتا تالاي تەربىيەت.
پەقىر روزى تىلماچ سېنى كۆزلىدى،
ئەي كېيىنكى ئەۋلاد، كامالىڭغا يەت!

## ھەقىقەت ئىشكى

### 1. كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

1. داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن بۇ كىتاب،
يېزىلدى جاھاندا ئېتى قالسا دەپ.

2. كىتابىمنى كۆرگەن ۋە ئىشىتكەن كىشى،
شاھىمنى دۇئا بىرلە قىلسا دەپ.

3. ئۇنىڭ مېھرى - شادىغا دىللار قېنىپ،
ئۇنىڭ يادى بىرلە جاھان تولسا دەپ.

4. كېيىنكى تۆرەلمىش كىشىلەر ئارا،
ئۇنىڭ زىكرى چەكسىز بۈيۈك بولسا دەپ.

5. بېزەلدى كىتابىم ئېسىل سۆز بىلەن،
ئۇنى ئوقۇغان نەپ، بەھرە ئالسا دەپ.

6. قىلىپ شاھقا سوۋغا ئەۋەتتىم ئۇنى،
ھاۋادارلىقىمنى تۇگەل بىلسە دەپ.

## 2. بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىينى ھەققىدە

7. بىلىمدىن سالاي دوست، سۆزۈم ئۇلىنى،
تۇتۇپ ماڭ بىلىملىك كىشى قولىنى.
ئېچىلغاي بىلىمدە سائادەت يولى،
بىلىم ئالكى، ئاچقىن بەخت يولىنى.

8. باھالىغ دىناردۇر بىلىملىك كىشى،
بىلىمسىز ناداننىڭ باھاسىز بېشى.
بىلىملىك، بىلىمسىز قاچان بولدى تەڭ،
بىلىملىك ئايال ئەر، نادان ئەر چىشى.

9. سۆزچەككە يىلىك تەگ، ئوغۇلغا بىلىم،
(ئەقىل كۆركى ئەرنىڭ، سۆزچەكنىڭ يىلىك.)
مىسالى بىلىمسىز يىلىكسىز سۆڭەك،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئىلىك.

10. بىلىمدە بولۇر ئەر تونۇش ـ بەلگىلىك،
بىلىمسىز تىرىكلەر قالار كۆمۈلۈپ.
بىلىملىك ئەر ئۆلسە ئىتى ئۆلمىگەي،
بىلىمسىز تىرىكلەر تىرىكلا ئۆلۈك!

11. مىڭ نادان ــ بىلىمەسنى بىر بىلگەن يېڭەر،
بىلىمنىڭ سالمىقى شۇندىن بىلىنەر.
نەزەر سال، سىناپ كۆر، قېنى بايقىغىن،
بىلىمدەك مەنپەئەتلىك بارمىكىن ئەي ئەر!

12. بىلىمدۇر ئالىمنى ئەزىز ئەيلىگەن،
«يەر» بولدى ئەقىلسىز، بىلىم بىلمىگەن.
بىلىم ئىزدە زېرىكمەي، ئۆگەن، ھەق رەسۇل:
«بىلىم چىندا بولسۇن ئىزدەڭلار» دېگەن.

13. كىشى ئىزدىنىشتە بىلىملىك بولۇر،
ئۇنىڭ تەمىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر.
بىلىم بىلدۈرەر، بىل، بىلىم قەدرىنى،
بىلىم بىلمىگەن گول ئۇنى نە قىلۇر؟

14. بىلىمسىزگە ھەق سۆز تېتىمسىز ئېرۇر،
ئاڭا پەند ـ نەسىھەت يېقىمسىز ئېرۇر.
يۇساڭ قانچە كىر بولسا ئۇ پاسكىنا،
نادانلىق يۇيۇپمۇ ئېرىغسىز ئېرۇر.

15. بىلىملىك كىشى ئىشتا پەيتنى تۇتار،
شۇڭا ھېچ ئۆكۈنمەس، ئىشىدا ئۇتار.
بىلىمسىز پۇشايماندا، ئوڭماس ئىشى،
شۇ قىسمەتتە دائىم ئەلەم ـ دەرد يۇتار.

16. بىلىملىك بىلىپ، جايىدا سۆزلىگەچ،
كېرەكسىز سۆزىنى كۆمۈپ تۈزلىگەچ.
بىلىمسىز چۇشەنمەي ۋالاقشىۋېرىپ،
ئۆزىنىڭ تىلى ئۆز بېشىنى يېگەي.

17. بىلىم بىزگە ھەقنى تونۇتقان ئىدى،
بىلىمسىزلىك ئىچرە خەير بارمىدى؟
بىلىم بىلمىگەچكە تالاي ئەل ـ خەلق،
ئۆزى بۇتنى ياساپ «ئىگەم شۇ» دېدى.

18. بىلىملىك سۆزى پەند ـ نەسىھەت، ئەدەپ،
بىلىملىكنى ماختار ئەجەم ھەم ئەرەب.
مۇلۇكسىزگە پۇتمەس مۇلۇكتۇر بىلىم،
نەسەبسىزگە بولسا ئۇزۇلمەس نەسەب.

## 3. تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

19. قۇلاق سال بىلىملىك سۆزىگە، ئۇلار،
دېگەن «تىلنى يىغماق پەزىلەت بولار.»

www.uyghurkitap.com

قاماپ تۇت تىلىڭنى، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
بوشاڭ تىل چىشىڭنى چاقار ـ سۇندۇرار.

20. ساناپ سۆزلىگەننىڭ سۆزىدە گۆھەر،
مەمەدان تىل ياۋ، ئەكەلگەي خەتەر.
يىغىپ تۇت تىلىڭنى، ئۇشۇق سۆزلىمە،
چىقار باشقا، بولسا تىلىڭ بوش ئەگەر.

21. ئەقىللىق سانالماس تىلى بوش كىشى،
تالاي باشقا چىقتى ئىغىز ـ تىل بوشى.
كى ئوق تەگسە زەخىم ساقايغاي، بىراق،
ساقايمايدۇ تىلنىڭ ئازار ـ رەنجىشى.

22. نادان تىل ئىرۇر نەقلا باش دۇشمىنى،
تىلىدىن كېتىپ، ئاقتى كۆپىنىڭ قېنى.
گېپى جىقلىقىدىن ئۆكۈنگەن تالاي،
تىلىنى يىغىشتىن ئۆكۈنگەن قېنى؟

23. جىمى ئىش كىشىگە تىلىدىن كېلۇر،
«يامان ـ ياخشى» نى ئەل تىلىڭدىن بىلۇر.
ئىشىت، پۈت بۇ سۆزگە: تۇرۇپ تاڭدا تەن،
يۈكۈنۈپ تىلىڭغا ئىلتىجا قىلۇر.

24. بىراۋدا بۇ جۇپ ئىش بىرىكسە، غۇلى،
ئىتىلگەي ئۇنىڭغا مۇرۇۋۋەت يولى.

بىرىكى زىيادە قۇرۇق گەپ قىلىش،
يەنە بىرسى يالغانچى بولسا تىلى.

25. كى يالغانچىدىن تەز ئاراڭنى ئۈزۈپ،
ياشا راست لەۋزىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ.
بىزەكتۇر ئىغىز ـ تىل ئۈچۈن راست لەۋىز،
دېگىن راستىنى سۆزلە گېپىڭنى تۈزۈپ.

26. تىلىڭنى بوشاتما، ئازايسۇن سۆزۈڭ،
ئۇ تىزگىنىدە بولسا ئامان سەن ئۆزۈڭ.
رەسۇل: «ئەر يۈزىنى ئاتار ئوتقا تىل»،
دېگەن، تىلنى يىغ، كۆيمىسۇن بۇ يۈزۈڭ.

27. راست لەۋز ھەسەلدۇر، پىياز جاسى سەل،
پىياز يەپ پۇراتما ئىغىز، يە ھەسەل.
«راست سۆزۈڭ شىپادۇر، يالغىنى كىسەل»
بۇ بىر سۆز ئۇزاقتىن دېيىلمىش مەسەل.

28. راستچىل بول ئىش قىل، ئاتان راست كىشى،
راستكۈي دەپ بىلىشسۇن كىشىلەر سېنى.
راستلىقتىن كىيىپ تون، ئەگرىلىكنى قوي،
كىيىمنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونى.

29. ساقلا چىڭ سىرىڭنى، كىشى بىلمىسۇن،
سۆزۈڭدىن پۇشايمان، ئەلەم كەلمىسۇن.

جېمى مەخپىيەتلەر بولۇپ ئاشكارا،
ئۇقۇپ، ئاڭلىغانلار كۆلۈپ يۈرمىسۇن.

30. يېقىن، ئەگ ئىشەنچلىك كۆرۈنسۇن ياران،
سىرىڭنى دېيىشتىن ھەزەر قىل، ساقلان.
ئۆزۈڭ ساقلىيالماي دەۋەتكەننى، بىل،
شۇ دوست ساقلىغايمۇ، ياخشىراق ئويلان!

## 4. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

31. بۇ ئالەم سارايدۇر چۈشۈپ ئۆتكىلى،
سارايغا چۈشەرمىز قونۇپ كەتكىلى.
ئۇزاپتۇ ئۇنىڭ ئالدى يولدا ئەنە،
دېمەك، كەينى كارۋان يېتىشكەي ھېلى.

32. دۇنيا شۇ، كەينىدىن يۈرمىگىن ئانچە،
يېخسىقلىق كويىدىن قاچماققا كۆچە.
نېچۈن مالغا مۇنچە كۆڭۈل بەرمىكىڭ،
ئۇ كەلسە سەھەردە، كېتەر كەچكىچە.

33. ئېسىڭدىن چىقارغىن مۈلۈك شوخلىقىن،
شۇ بەس، ئويلا ئېگىنىڭ قورساق توقلىقىن.
يېقىرلىق شۇ ئەتەڭگە نان بولمىسا،
دېمە كەمبەغەللىك مۈلۈك يوقلۇقىن.

34. جاھان نەرسىسىدىن يېمەكلىك، يانا،
كىيىم ئال، ئوشۇقنى تىلەش چوڭ گۇناھ.
«بۇ ئالەم ئېتىزلىق» دېگەنتى رەسۇل،
تېرى، ياخشىلىقچۇن «ئېتىز»نى چانا.

35. تۇراقسىز بولۇر بۇ جاھان لەززىتى،
شامالدەك ئۇنىڭ تەم ـ تېتىق مۇددىتى.
قېرىيدۇ يىگىتلەر، يېڭى كونىرار،
بولۇر قاۋۇل ئاجىز، قېچىپ قۇۋۋىتى.

36. بۇگۇن بارى ئەتە جاھاندىن يىتەر،
«مېنىڭ بۇ» دېسەڭ خەلق قولىغا ئۆتەر.
تۇگەل نەرسە كەملەپ، كۆپى ئاز قېلىپ،
جىمى ئاباداتقا خارابلىق يېتەر.

37. زېمىنلەر ئىدى بار تالاي ئەرلىرى،
ئۇلار كەتتى، بوش قالدى شۇ يەرلىرى.
ئىدى بار تالاي پەيلاسوپ، ئالىم ھەم،
ئۇلارنىڭ بۇگۇن بارمۇ مىڭدىن بىرى؟

38. جاھان گاھ كۇلۇپ، گاھ قاپاقنى تۇرەر،
ئۇ قولىدا ھەسەل بار، بۇ قولدا زەھەر.
تېتىتقاي ھەسەلنى ئېغىزغا بۇرۇن،
كېيىن ئوغا قوشقان قەدەھنى بېرەر.

39. تېتىپتىڭ چۈچۈك ئاچچىقىدىن بۇرۇن،
مانا راھەتنى بىر، ئازار بىرگە ئون.
ئۈمىدكە قوشۇلماي ئاقاركەنغۇ غەم،
قاچان بار جاھاندا ئۈمىدكە ئورۇن؟

40. يىلاندەك بۇ ئالەم، ئۇنى ئۇرغۇلۇق،
يوقاتماقتا يۇمشاقۇ، زەھرى تولۇق.
شۇ يۇمشاق «يىلان» پەيلى ياۋۇز، شۇڭا،
يۇمشاق دەپ ئېزىقماي يىراق تۇرغۇلۇق.

41. كۆرۈملۈك كۆرۈنگەي جاھاننىڭ تېشى،
بىراق بار ئىچىدە تۈمەن ناخۇشى.
بېقىپلا ئۇنىڭ شۇ بېزەك ـ سىرتىغا،
كۆڭۈل بەرمىكىڭ، بىل، خاتالار بېشى.

42. جاھان بەزى قايرىپ نىقاب، يۈز ئاچار،
يايار قول، قۇچاقلار دېسەڭ «غىپ» قاچار.
بەخت خۇددى يازغى بۇلۇت ياكى چۈش،
دېرەكسىز كېتەر، يا ئۇ قۇشتەك ئۇچار.

43. ئايا دوست، بىلىملىك ئىزىن ئىزلىگىن،
ئەگەر سۆزلىسەڭ سۆز بىلىپ سۆزلىگىن.
سېخىي ـ مەردنى ماختا ئەگەر ماختىساڭ،
بېخىللارغا چىنىڭ يا ئوقى چەنلىگىن.

44. جىمى تىل سېخىي مەردكە مەدھى ئېتەر،
سېخىيلىقتا ئەيىب كىر ـ غۇبارى يېتەر.
سېخىي بول ئاھانەت تىلى تەگمىسۇن،
بۇ مەردلىك ئاھانەت يولىنى ئېتەر.

45. ئېگىلمەس كۆڭۈللەرنى مەرد ئەگكۈسى،
ۋە ھەممە مۇرادىغا مەرد يەتكۈسى.
قاچان، نەدە ماختاش ئېتىپتۇ بېخىل،
كى مەردكە ئامۇخاس چاۋاك ئەتكۈسى.

46. سېخىي ـ مەرد بىلىمگە بىلىم قاتتى، كۆر،
سېتىپ مال بىلىم دەپ، مەدھ تاپتى، كۆر.
غېرىبقا تىلەكداش ياشاپ كەتسىمۇ،
جاھاندا بەلەن نام قويۇپ كەتتى، كۆر.

47. بېخىللار ھارامدىن يىغىپ زەر، كۈمۈش،
كېتەردە كەتتى يۇدۇپ، كۆر، سۆكۈش.
مېلى بولدى تەقسىم بىراۋلارغا، ئىسىت،
پۇشايمان، بېخىلغا شۇ بولدى ئۈلۈش.

48. ئايا، باي ـ مۇلۇكدار، سېخىي، ياخشى ئەر،
خۇدايىم بېرىپتۇ ساڭا، سەنمۇ بەر.
كى ئەيىبى سۆكۈلگەي يىغىپ، بەرمىسە،
يىغىپ توپلا بىلسەڭ بېرىشنى ئەگەر.

49. بۇ پەيلى تەبىئەتتە ئەڭ مەرد پەيل،
ئەيىبسىز، بېخىللىق چىرىك، بىمەيل.
بىرەر قولغا قۇت يار جىمى قول ئارا،
ئېلىپ، بەرمىگەن قولغا قۇت نەدە، بىل.

50. بېخىللىق كېسەل، يوق داۋاسى غۇلى،
بىرىشكە بېخىلنىڭ يۇمۇق چىڭ قولى.
يىغىپ تويمىغاچ كۆڭلى، يا ئاچ كۆزى،
خوجايىن ئاڭ مال، ئۇ مالنىڭ قۇلى.

51. خەلق ئىچرە ياخشى كىشى مەرد ئېرۇر،
بۇ مەردلىك شەرەپ - شان، جامال ئارتتۇرۇر.
دېسەڭ يۈز - ئىناۋەت تاپاي ئەل ئارا،
سېخىي بول، ئۇ ئىززەت - ئىناۋەت بېرۇر.

52. بېخىل ھىممىتى يوق، مېلىغا چاكار،
يىغار، يەپ - ئىچىشكە ئايار، چىڭ تۇتار.
تېتىتماس تىرىك چاغدا تۈز دوستىغا،
قالارئۆلسە مالى، يېگەي ياۋ بىكار.

## 5. كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

53. يەنە بىر كېرەكلىك سۆزۈم بار ساڭا،
ئۇنى دەي قۇلاقىڭنى بەرگىن ماڭا:

تەكەببۇر كىبىرنى ئۇرۇپ يەرگە راست،
ياشا كەمتەرىن، چىڭ يېپىشقىن ئاڭا.

54. كىبىر بارچە تىلدا ئەيىب، بەتقىلىق،
قىلىق ئەۋزىلى ھەممىدىن قۇتقىلىق[1].
كىمكى ئۆزىنى «ئۇلۇغ مەن!» دېسە،
دېمەس ياخشى خالىق[2]، خالايىق ـ خەلق.

55. كۆچەپ توپلىغانلار جاھان مالىنى،
يېيەلمەيلا كەتتى، كۆرۈڭ ھالىنى.
ئايالى قېلىپ باشقا بىر ئەر بىلەن،
يېتىپ بىللە، بەردى ئاڭا سانىنى.

56. كىبىرنىڭ تونى بولسا ئۇستۈڭدە، سال!
تىلىڭ بىخ، غادايما تۈزەت بىھايال.
مۆمىنلىك نىشانى كەمتەرلىك ئېرۇر،
گەر مۆمىن بولساڭ، تاپ كەمتەرلىك ھال.

57. خۇدا بولسا كەمتەر كۆتۈرگەن بىلەن،
كىبىردارنى يەرگە چۆكۈرگەي ئىكەن.
«ئۇلۇغمەن!» دېمە،ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىگەم،
ئۇلۇغلۇق مېنىڭ، سىز تالاشماڭ! دېگەن.

58. تاۋار مالغا «چوڭ» سەن، ئاشۇ بار ـ يوقۇڭ،
قول ـئىلكىڭدە بار،بىل، شۇلا ئارتۇقۇڭ.

---

[1] قۇتقىلىق ـــ كەمتەرلىك.
[2] خالىق ـــ ياراتقۇچى، ئالله.

مۇلۇك پايدا بەرمەس، كېتەرسەن يالاڭ،
قالۇر مۇندا ھەممە سېۋەت، ساندۇقۇڭ.

59. كىبىر قىلغۇچى گەر «ئېسلمەن!» دېسە،
بېرەرمەن جاۋابنى ئۇنىڭغا كېسە[1].
ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىنداش بۇ خەلق،
ئارادا پەرق يوق راسا ئىستىسە!

## 6. ئاچ كۆزلۇك ھەققىدە

60. نەسىھەتنى ئال، كەل، ئۇزاتما ئەمەل[2]،
ئۇنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇن ئەجەل.
تەمە دېگىنىم، دوست، ئۆزۈن ئويلىنىش،
ئۆزۈن ئويلىماي، قىل تولاراق ئەمەل.

61. دېيۇرسەن: كىيىم - تون، شاراب،ئاش كېرەك،
يەنە كۆپ بىسات، قۇل، دېدە، ياش كېرەك.
ئۇنۇتما، يىغىپسەن ئۆمۈرلۇك مۇلۇك،
لېكىن بۆكنى كىيمەك ئۇچۇن باش كېرەك.

62. تەمەمۇ كىشىگە قەبىھ خۇي قەۋەت،
ئۇنىڭ كەينى ھەسرەت، پۇشايمان ۋە دەرد.
غەنىيلىق، گادايلىق خۇدا قىسمىتى،
تەمەدىن يېتەر ئەرگە زەخمەت پەقەت.

---

[1] كېسە — ئۆزۈل - كېسىل.
[2] ئۇزاتما ئەمەل — تەمەگەر بولما.



www.uyghurkitap.com

63. هامان ئاچ، كۆزى ئاچ يىغىپ ھەم تېرىپ،
تەمەسى تۇرار ياش، تەمەخور قېرىپ.
تەمەنى قويار ئۇ قاچانمۇ تويار؟
قويار ئۆلسە، ياتسا لەھەتكە كىرىپ!؟

64. كۆزى ئاچ يىغىپ ھارمىغاي، زېرىكمىگەي،
بۇ «ئاچ كۆز» كېسەللىكنى كىم ئەملىگەي؟
شۇ گەپ بار: «بىراۋ بەرسە ئىككى، ئۈچ دىنار،
تەمەخور شۇئان ئۈچ ئۈچ تىلىگەي...»

65. ئەي ئاچ كۆز، تەمەدىن نېمە پايدا بار؟
جاۋاب بەر ماڭا، ئۇ نېمىگە يارار؟
بولامتى تەمە ئاچ كۆزىدە تۇزەپ،
رىزىققا پۈتۈلسە بۇ «كەڭ»بىرلە «تار»؟

## 7. كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار ھەققىدە

66. تېگى ئۇز كىشىنىڭ خۇيى ھەم بەلەن،
كۆڭۈل باغلىنۇر شۇ خۇيى ئۇز بىلەن.
كىشى پەرقلىنۇر، بىل، بىرى بىرسىدىن،
كۆرۈنگەنگە ئۇ بۆك كىيىپ ئەر - ئەرەن.

67. كۆزەت خۇي - مىجەز، ھەربىكتىدىن ھەممە ۋاق،
دېگىن ئەر شۇنى، بولسا كىم كەڭ قورساق.
يېمىشسىز دەرەختۇر ئىچى تار كىشى،
يېمىشسىز دەرەخنى كېسىپ، ئوتقا ياق!

68. مۇسۇلمانغا شەپقەتتە بول مېھرىبان،
مۇسۇلمان غېمىنى ئۆز غېمىڭ بىل ھامان.
جاپا قىلسا ياندۇر ۋاپا گەر بىراۋ،
ئېرىماس نەچچە يۇسا قان بىرلە قان.

69. تېتىملىق ئېشىڭنى كىشىگە يېگۈز،
يارامىلىق ئېگىننى يېلىڭغا كىيگۈز.
جاپا كەلسە خەقتىن كۆتۈر، ئەلگە سەن،
زۇلۇم سالما زورلۇق كۈچىدە ھەرگىز.

70. يامانلىق سېغىنىغانغا قىل ياخشىلىق،
بۇ بىل كەڭ قورساقلىق بېشىدۇر ئېنىق.
ئەگەر، ياخشىلىق كەلسە خەقتىن ساڭا،
ئوقۇپ مەدھىيە بىرلە ئالدىغا چىق.

71. ئەيىبكار كىشىدىن ئەيىبنى كەچۈر،
ئاداۋەتنى قاز يىلتىزىدىن كۆچۈر.
غەزەپ، ئۆچلۈكۈڭ ئوت بولۇپ يانسا گەر،
مۇلايىملىقىڭنىڭ سۈيىدە ئۆچۈر.

72. كېرەمدۇر ئىمارەت، ھەلىملىق ئۇلى،
بىرىدۇر گۈلىستان، بىرىدۇر گۈلى.
يىقىلغاننى يۆلە، كېسكىنى ئۇلا،
بۇنى قىلسا كىم، ھۆرمۇ بولغاي قولى.



www.uyghurkitap.com

73. ئايا دوست، چوڭلار ھەققىنى قوغدا بەك،
قىلىپ جەڭ ـ جېدەل، بولمىغىن سۆز ـ چۆچەك.
بۇنىڭدىن غەزەپلەنسە چوڭلار ساڭا،
كىچىكلەرنى بولسا ئېتەر بىئەدەپ.

74. بالاغا سەۋر قىل، خۇشاللىق كۈتۈپ،
بۇ ھال شاد ئېتەر، رەنجۇ، زەخمەت يۇتۇپ.
جاپا نۆۋىتى كەتسە ئۆچكەي ئوتى،
قالار سەۋرچانلار ساۋابىنى يۇدۇپ.

75. ئۆسسە مەرتىۋەڭ يۇر ئۆزۈڭنى بىلىپ،
ماتانى ئۇنۇتما ئەتلەسنى كىيىپ.
تونۇغانسېرى بول مۇلايىم ـ ياۋاش،
كىچىك ـ چوڭغا ئۆتكىن سىلىق سۆز قىلىپ.

76. بىلىپ سۆزلەپ، قىلغىن ئۇنى پىشۇرۇپ،
بېشىڭچۇن گېپىڭنى دېگىن يوشۇرۇپ.
مىڭ ئادەم ساڭا بولسا دوست كۆپ دېمە،
ئەگەر دۈشمىنىڭ بىر، يۇرمە ئاز كۆرۈپ.

77. زېرەكمۇ خاتالاشقۇسى گاھىدا،
ئۆتەر ئەيىب ھۈنەرگە كامىل ئۇستىدا.
مۇشۇ ئەيىب ئۈچۈن باشى كېتەر بولسا گار،
تۇگەپ بارچە بولماتى جاندىن جۇدا؟

www.uyghurkitap.com

78. ياشا ياخشى پەيلىڭ بىلەن دىل ئېچىپ،
يامان ـ ئەسكى ئىشتىن يىراق تۇر ـ قېچىپ.
بىرەر ئىش قىلاردا قىلىپ ئېھتىيات،
«كېرەكسىزمۇ ياكى كېرەك؟» قىل بىلىپ.

79. كۆزۈڭدىن كەچۈر كەلسە ئىش دۇچ ئەگەر،
ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سال زەن ـ نەزەر.
سۆيۈنسە بۇ ئىشتىن كۆڭۈل گەر، بىجىر،
پۇشايمان كېلەر بولسا قىلغىن ھەزەر.

80. پۈتەمدۇ ئۈمىدتە ساۋاب، ساختىلىق؟
كېچىكمەس بۇ ئىشنىڭ جاۋابى ئېنىق.
تىكەن تېرىغانلار ئالالماس ئۈزۈم،
يامانلىق قىلىپ سەن كۈتمە ياخشىلىق!

81. كىشى دوستى ياخشى، ئۆزى ياخشىدۇر،
شۇ دوست خەيرىدىن ياخشىلىق تېپىلۇر.
يامانغا يولۇقما، ئۇنىڭ سۆھبىتى،
سېنى تېز يامان خۇي ـ قىلىقلىق قىلۇر.

## 8. زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە

82. شەكىل بويىتۇ دوستلۇق، ھەقىقەت قېنى؟
تېپىلمايدۇ مىڭدىن بىرەر راستچىلى.
تالايلار ۋاپادار كۆرۈنگەن بىلەن،
بىلىپ قوي، ۋاپاسىز ئۇنىڭ ئىچ دىلى.

83. ئىسست، كەم جاھاندا ئىنسانلىق ئىزى،
قېنى، نەگە كەتتى ئىنسانلىق ئۆزى؟
قۇرۇپ سۇ ۋاپانىڭ كۆلىدىن بۇدەم،
تولۇپ چەكتىن ئاشتى جاپا دېڭىزى.

84. قېنى ياخشىلىق، ئەھد ـ ئامانەت قېنى؟
تېپىشمۇ قىيىن بولغۇدەك كېيىن ئۇنى.
ئۇنىڭ كەتتى ئالدى، كېتەر ئاخىرى،
يامانلىقمۇ كەلدى، كېلەر قالغىنى.

85. جاھان تولدى جەبىر ـ جاپا، قەست بىلەن،
ئۇنىڭدا ۋاپا يوق، دېسەڭ «بار!» تىلەن.
بۇزۇلغاچقا سەن، بۇ جاھانمۇ بۇزۇق،
نېمىشقا ئۇنىڭغا توقۇيسەن ئېۋەن؟

86. ئىلىمنى ئۇ، تەقۋانى بۇ تاشلىدى،
بىلىملىك ئويۇنچى ساما باشلىدى.
شۇڭا ئاشتى بىدئەتچىلىك كۈنسېرى،
ئۇنىڭدىن قولىن ئۇزگۇچى قالمىدى.

87. قېنى ئەمرىمەرۇپ قىلار ياخشى ئەر؟
تۇرارغا قېنى ياخشى ئادەمگە يەر؟
سۆكەرسەن زاماننى خەلقنى قويۇپ،
ئادىمىنى سۆك سۆككۈلۈك بولسا گەر!

www.uyghurkitap.com

88. بۇ دەم ئىككى يۈزلەرگە جىق ئېتىبار،
قېنى ئىككى يۈز بول، كېرەك بولسا بار!
ئەجەب، كىمكى يولسىز يولى كەڭ شۇنىڭ،
ئىكەن كىمكى يوللۇق، ئۇنىڭ يولى تار.

89. ئەي ئەخلاقى پەس، يايرىۋال شادلىنىپ،
دەۋر سۈر، ياشا خالىغاننى قىلىپ.
خىيالىڭ پاراغەت ئىكەن، ئەي كىشى،
سېنى كىم، قەيەردە توسالار كېلىپ؟

90. مېلى بارغا خەقلەر ئۆرۈپ يۈزىنى،
ئازادلىقنى تەرك، قۇل ئېتەر ئۆزىنى.
بىسات ـ مالى يوقنى كۆرۈپ قالسا گەر،
سىڭايان بېقىشتا يۇمار كۆزىنى.

91. نېچۈن مالغا مۇنچە ھېرىس، ئېيت ئۆزۈڭ،
خىيالىڭدا مال، «مال» لا دەر ھەر سۆزۈڭ.
كېتەرسەن، شۇ مالىڭ رەقىبكە قالۇر،
ئۇ ياتسا بېرەر ئۇ كېپەنلىك بۆزۈڭ.

92. سېنىڭ بۇ مېلىڭ، بىل، سېنى كەتكۈزەر،
قولۇڭدىكى مال غەم ـ ئەلەم يەتكۈزەر.
بۇگۈن ۋەج يىغىش شۇنچە لەززەت ساڭا،
بىراق ئەتە تاشلاشچۇ، ئاچچىق ـ زەھەر.

93. جاھان تاتقى ئەبجەش، بۇلار بىمەززە،
ئۇنىڭ دەردى كۆپ، لەززىتى ئاز ـ بىزە.
تېتىيسەن زەھەرنى ھەسەلدىن بۇرۇن،
ھەسەل نەدە بولسا قېشىدا ھەرە.

94. بۇ دۇنيا ھۈنەرلىككە سەل بىۋاپا،
ھۈنەرسىزگە ئازدۇر جاھاندىن جاپا.
ھۈنەر ھەمدە دۆلەت بىرىكمەكلىكى،
كۆرۈنگەي بىرەر ـ بىر، تېپىلماس ياپا[1].

95. نە قىلدى جاھانغا ھۈنەرۋەن كىشى،
نېمىشقا داۋام قىينىماقتۇر ئىشى؟
ئەزىزنى قىلار پەس، خەسىسنى ئېگىز،
قېرىپ ئازدىمۇ يا جاھانىڭ ھوشى؟

96. ياراتقان ئىگەمدىن ئىكەن كەلگۈلۈك،
جاھانغا نېچۈن تەنىلەر ئەتكۈلۈك؟
ئاياغقا كىرەلمەس تىكەن بىسوراق،
تۇزاققا ئىلىك ھەم چۈشەر، بىلگۈلۈك!

97. جىمى كەلگۈلۈكلەر قازادىن كېلەر،
سەۋەبتىن كۆرەر ئۇقمىغاچ بەزىلەر.
ئېگىز كۆكتىكى قۇش شۇ تەقدىر بىلەن،
قونار شاخقا ياكى قەپەسكە كىرەر.

---

[1] ياپا ـــ ھەمىشە، ئىزچىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

98. قازا كەلسە ئۇرساڭمۇ چاپماس ئېتىڭ،
توسالماس قازانى ئەگەر يا ئېتىڭ.
ساڭا رەنج، ئاڭا گەنجنى ئاللا بېرۇر،
ئاقامدۇ شىكايەتنى قانچە ئېتىڭ!...

## 9. كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزرى ھەققىدە

99. كىتابىمنى يازدىم نەسىھەت مەسەل،
ئوقۇپ كۆر، يېگەندەك بولارسەن ھەسەل.
دۇرۇس بىرلە يالغاننى تاپقاي كىشى،
سىلىشتۇرما قىلسا بۇنى ھەر مەھەل.

100. ئەدىب ئەھمەد ئىسمىم، ئەدەپ - پەند سۆزۈم،
قالار بۇ سۆزۈم كەتسە جىسمىم - ئۆزۈم.
ئۆتەر ياز، كېلەر كۈز، ئۆمۈر ھەم كېتەر،
ئۆمۈرنى تۈگەتكەي ئاشۇ ياز، كۈزۈم.

101. شۇڭا تۈركىي تىلدا چىقاردىم كىتاب،
قوبۇل قىل، كېرەك ئەت، ئەيىب بولسا تاپ.
يېزىلدى ئۇ تەكسىز، گۈزەل سۆز بىلەن،
كېتەرمەن، سۆزۈمنى كۆرەر دەپ، ئاتاپ.

102. زەر ئەتلەس ھامان قىس، ماتا - بۆز تولا،
يارا، ساپلىرى ئاز، ھەزىل سۆز تولا.
كېرەكسىزنى تاشلاپ، ئېسىلنى يىغىپ،
ساپ، ئۆز تىلدا تۈزدۈم كىتابنى شۇڭا.

103. ئايا كېيىنكىلەر، گەر ئوقۇساڭ بۇنى،
ئۇنۇتماي دۇئايىڭدا يادلا مېنى.
ساڭا ھەدىيە تەڭدىشى يوق بۇ سۆز،
دۇئا ھەدىيە قىل ئۆزۈڭمۇ، قېنى؟!...

## (1) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە (مۇئەللىپى ئېنىق ئەمەس)

104. ئىدى تۇغما كۆرمەس ئەدىبنىڭ كۆزى،
تامام ئون تۆت باب ئىچرە سۆزى.
كى پىل بولسا يۈكلۈك، يۈكى بولسا زەر،
شۇنىڭغا باراۋەر بۇ سۆزنىڭ ئىزى.

## (2) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە (ئەمىر سەيفەددىن)

105. ئەدىبلەر ئەدىبى، پازىللار بېشى،
گۆھەر سۆزنى قىلغان ئىدى بۇ كىشى.
تەڭرى رەھمەت ئەتسۇن بۇ سائەت ئاڭا،
بولۇشسۇن يارەنلەر تاڭلا قولدىشى.

## (3) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە (بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان)

106. ئەدىب يۇرتى نامىنى يۈكنەك ئاتار،
ئۇ زەپ ساپ ھاۋا جاي كۆڭۈل يايرىتار.

107. دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى،
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى، بۇنىڭ يوق شېكى.

108. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» كىتابىن ئېتى،
بىرىلگەن بۇ نام ساپ ئەرەبچە پېتى.

109. يېزىلغان ئەسەر قەشقەرى تىل بىلەن،
ئەدىب سۆزلىگەن بۇنى چىن دىل بىلەن.

110. ئەگەر بىلسە قەشقەرچە تىل ھەركىشى،
ئايانادۇر ئەدىبنىڭ نېمە ئېيتمىشى.

111. تىلنى بىلسە مۇمكىن مەنىنى بىلىش،
ئەدىب بىلمىگەننى «بىلمەن» دېيىش.

112. تالاي خەلق بىلەلمەي ئەدىب سۆزىنى،
قىلار ھېس ئازابتا ھامان ئۆزىنى.

113. بىراۋلار خاتا مەنىلەرنى بېرىپ،
يۈرەر ئەل ئىچىدە ئەيىبكە قېلىپ...

152. پۈتۈنلەي شۇ ئىش ۋەجىدىن بۇ كىتاب،
قوبۇل قىل، ئەيىبلە، ساڭا قايسى باب؟



www.uyghurkitap.com

شېئىرلاشتۇرغۇچىدىن:

جاھاننىڭ ئىشى ھېچ سەۋەبسىز ئەمەس،
سەۋەب بولغۇسى ھەممە ئىشقا ھەۋەس.

«كىتابنى نەشر قىلمىسا ‹گەپ› بىلەن،
قىيىنمۇ؟ يازاي مەن نەزم سەپ بىلەن.

شېئىرلىك قىياپەتنى ساقلاپ باقاي،
بۇ ئىشقا بىلىمنى چىڭ باغلاپ باقاي!...»

ئاشۇ ئوي ـ خىيالنىڭ كۈچى زوقىدا،
«ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ نۇر ـ شوقىدا؛

مىڭ توٚتيۈز ھىجرىيىگە قوشۇلغاندا بىر،
رامزان ئېيىدىن كوٚرۈنگەندە قىر.

بۇ نادىر كىتابقا كوٚڭۈلنى بېرىپ،
ئۇنىڭ مەنىسىدىن جاۋاھىر تېرىپ.

زاماننىڭ تىلىغا ئۇنى ماس قىلىپ،
نەزمنى نەزم بىرلە سەپراس قىلىپ.

كۈچۈم يەتكىنىچە ياساپ ئىشلىدىم،
پىكىر ئوٚز پېتى، تىلنى ساپ ئىشلىدىم.

جېنىم يايرىدى چىن مۇراد ھەل بولۇپ،
(قەدىم تىل ئېگىپ باش، ماڭا ئەل بولۇپ.)

دېدىم: دەۋرداشلار كىتابنى كۆرۈپ،
نەزم باغچىسىدا توساقسىز يۈرۈپ.

ئەدىب ئەھمەد لەۋزىگە ئۇچراشسا گەر،
ئەجەبمەس ئەقىل كانىدىن قازسا زەر.

شۇ چاغ روزى سايىت دىلى شادلىنار،
يۈزى ئاق - يورۇق، بۇرچىمۇ ئاقلىنار!...

شۇ ۋەجىدىن نەزمىلەشتى يازغانلىرىم،
ئەپۇ ئەيلەڭىز بولسا ئازغانلىرىم.

## ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» [1]

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەينى دەۋر ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان) دا يارىتىلغان دىداكتىك داستان — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك ئەدەبىيات يادىكارلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ ئاپتورى داستاننىڭ ئاخىرقى بابى (14 ـ باب) — «كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزرى ھەققىدە» دىكى بىر بېيىتتا ئۆزى ھەققىدە:

138. «ئەدىب ئەھمەد ئاتىم ئەدەپ ـ پەند سۆزۈم،
سۆزۈم بۇندا قالۇر بارۇر بۇ ئۆزۈم.» [2]
[ئەدىب ئەھمەد ئىسمىم، ئەدەپ ـ پەند سۆزۈم،
قالۇر بۇ سۆزۈم، كەتسەمۇ ئۆزۈم.]

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دىن ئېلىندى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.

[2] نەقىل كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي پارچىلار «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

دىگەنلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ «ئەدىب ئەھمەد» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، داستانىنىڭ پەند ـ نەسىھەت (دىداكتىكا) تىپىدا ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ ئۆتكەن.

ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدىكى بىرقەدەر ئېنىق مەلۇماتلار (تولۇق بولمىسىمۇ)، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ئارقىلىق مەلۇمدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرى بولغان بۇيۇك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان تەرىپىدىن داستانىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان بىر شېئىر ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ شېئىردا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ:

«ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئەرۇر
سافالىغ ئەجەب يەر كۆڭۈللەرى يارۇر

ئاتاسى ئاتى مەھمۇدى يۈكنەكى
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول ھىچ شەكى

كىتابىنىڭ ئاتى ئەرۇر ئەتبەتۇل ــــ
ھەقايىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل

تامامى ئەرۇر قەشقەرى تىل بىلە
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە»

[ئەدىبنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى يۈكنەكتۇر،
ئۇ كۆڭۈل يايرايدىغان ساپ ھاۋالىق ياخشى يەردۇر.

ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكىدۇر،
ئۇ ئەدىب مەھمۇد ئوغلىدۇر، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر.
بۇ كىتابنىڭ نامى ئەتەبەتۇلھەقايىق،
بۇ ئىبارە ئەرەبچە تۈزۈلگەندۇر.
(ئەسەرنىڭ) ھەممىسى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان،
ئەدىب (بۇنى) چىن دىلىدىن (چىقىرىپ) ئېيتقان.]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئەدىب ئەھمەدنىڭ يۈكنەك دەپ ئاتىلىدىغان ياخشى يەردىن ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئاتالغانلىقى ھەمدە ئەسەر تىلىنىڭ «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلاردىن يۈكنەك شەھىرىنىڭ سەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى مەلۇم. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سەمەرقەند شەھىرى ئاۋات ۋە گۈللەنگەن مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇشى بىلەن غەربىي ئىلىكخانلىقنىڭ، كېيىن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسى ۋە تىلى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى خانلىرىدىن بۇيۇك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگكە تەقدىم قىلىنغانلىقىدىن مەزكۇر داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى (مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى

يىللىرى) گە توغرا كېلىدۇ[1]، دېيىش مۇمكىن.»

پروفېسسور ئې. ئە. بېرتېلىس ئۆزىنىڭ «ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە[2] نەجىپ ئاسىمنىڭ ئەمىر ئىسپەھسالار بەگ ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئىپتىپ ئۆتىدۇ ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىكخانلىرىنىڭ تارىخى ھازىرغىچە كەم ئۆگىنىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ، داستاننى ھەر ھالدا مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن كېيىنرەك ۋە مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان بولسا كېرەك، دېگەن نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كېلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ نامەلۇم بىر كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان 1 - ئىلاۋىدىكى:

«تۇغا كۆرمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى
تۇكەدى بۇ ئون تۆرت باب ئىچىدە سۆزى»

(ئەدىبنىڭ كۆزى تۇغما كۆرمەس ئىدى،
سۆزى بۇ ئون تۆت باب ئىچىدە تاماملاندى.)

---

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 206 - بەت.

[2] بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدا بېرىلگەن.

دېگەن مىسراللاردىن بىز يەنە ئەدىب ئەھمەدنىڭ تۇغما ئەماللىقتىن ئىبارەت جىسمانىي ئاجىزلىقىنى بىلىمىز.

بۇ يەردە بۇ ئىللاۋىنى يازغان كىشى ئەدىب ئەھمەدنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن داستاننى يېزىپ چىققان كاتىپ بولۇشى، ئۇ ئاخىردا ئەدىبنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن ئەسەرنىڭ تاماملانغانلىقى ھەمدە ئەسەر قىممىتىنى ئاللاھىدە ئىزاھلاپ يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ نامى ۋە ئەسىرى ئۆز زامانىسىدا ھەم مىلادىيە 14 -، 15 - ئەسىرلەردە خېلى مەشھۇر بولغان. بۇنى ئەسەرنىڭ شۇ دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن قوليازما نۇسخىلىرىدىن، بۇ نۇسخىلارغا يېزىلغان ئىللاۋىلەردىن، شۇنداقلا بۈيۈك ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» («مۇھەببەت شامالللىرى») ناملىق ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەدنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان شەيخلەر قاتارىدا ئاللاھىدە تىلغا ئېلىپ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى ھەمدە ئەدىبنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى:

«تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»

[تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.]

دېگەن مىسراللارنى ئۆز ئەسىرىدە كەلتۈرگەنلىكىدىن ئېنىق

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ھاياتى ھەققىدە پەقەت شۇنچىلىكلا ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىغا قاراپ، ئەھمەد يۈكنەكىنى مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن شائىرلاردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.
«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئىلىم دۇنياسىغا مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەلۇم بولدى. تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم 1 - دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرى ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر ئاياسوفىيە مەسچىتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەپ تۇرغىنىدا، باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا «موڭغۇل تىلىدىكى رىسالىلەر توپلانمىسى» نامى بىلەن تىزىملانغان بىر قوليازمىنى كۆرۈپ قالىدۇ. نەجىپ ئاسىم تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، قوليازمىغا ناتوغرا ماۋزۇ بېرىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى رىسالە بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان ۋە شۇ كەمگىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان بىر داستان ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى يازمىلاردىن يەنە بۇ ئەسەرنىڭ توڭگۇز يىلى، يەنى ھىجرىيە 884 - يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 17 - كۈنىدە (مىلادىيە 1480 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) كۆچۈرۈلۈپ تامام بولغانلىقى، ئەسەرنى ئىستانبۇلدا قەغەزگە كۆچۈرۈش ئىشىنى بېجىرگەن خەتتاتنىڭ ئىسمىنىڭ شەيخزادە

ئابدۇلرازراق باخشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خەتتات قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھەربىر سۆزنىڭ ئاستىغا شۇ سۆزنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلىشىنىمۇ بەرگەن ھەمدە چۈشىنىش تەس دەپ قارىغان سۆزلەرنى پارس تىلىدىمۇ ئىپادىلىگەنىدى. نەجىپ ئاسىم بۇ يادىكارلىقنى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك تىلىدا مىلادىيە 1915 – 1916 - ۋە 1934 - يىللىرى نەشر قىلدۇردى.

نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان بۇ نۇسخا تولۇقسىز بولۇپ، ئەسەر ئەسلىي 14 بابتىن تۈزۈلگەن دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 11 باب ئىدى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ باشقا نۇسخىلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىشى بىلەن كېيىن بۇ نۇسخا «B» نۇسخا دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بەش خىل قولىيازما نۇسخىسى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 1444 - يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت، ھۈسەين قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەندتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «A» نۇسخا بولۇپ، ھازىر ئىستانبۇلدىكى ئايا سوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىستانبۇلدا، ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «C» نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخا ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپكاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل نۇسخىسىدىن باشقا، يەنە ئىككى پارچە تولۇقسىز نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەنقەرە كۇتۇپخانىسى بىلەن بېرلىندىكى پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى

قارمىقىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

داستان ئۆزىنىڭ «B»، «C» نۇسخىلىرىدا ئېيتىلغان نامىغا ئاساسەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت سوۋغىسى») دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. ھەممىدىن قەدىمكى ۋە بىرقەدەر تولۇق بولغان «A» نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ھەمدە بۇ نۇسخىدا داستان نامىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دەپ ئاتالغانلىقى، شۇنداقلا بۇ نام داستاننىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نامى بىلەن ئاتالماقتا.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى نەشرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئىشى دەسلەپ تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسا، ئارقىدىنلا بۇ تەتقىقاتقا ۋ. ۋ. رادلوف، ت. كوۋالېۋسكي، ژ. دېنى، ئې. ئە. بېرتېلىس قاتارلىق شەرقشۇناس ئالىملار كىرىشىپ، زور ئەمگەك سىڭدۈردى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان تۈركىيە ئالىمى ر. ئارات بولۇپ، ئۇ 1951 ـ يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھازىر بار بولغان نۇسخىلىرى ئاساسىدا دەسلەپكى مۇكەممەل تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى.

### داستاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى

دىداكتىك (پەند ـ نەسىھەت) تىمىسىدىكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى 14 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ،

ئۇنىڭدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 11 چوڭ مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى مەزكۇر داستاننى مەيدانغا چىقارغان مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئالىلىقاچان شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئەسلىدىكى ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان خاقانىيىدىكى شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى ئاجىزلىشىپ مۇنقەرز بولۇشقا يۈزلەنگەن، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيە 1204– 1211) خانلىق تەۋەسىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەپرىقىچىلىك قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، خانلىق نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالغانىدى[1].

غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقىمۇ ئەھمەد ئىبنى خىزىردىن كېيىن زور دەرىجىدە زەئىپلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەمدە مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بەزىدە قىتانلارنىڭ، بەزىدە خارەزىم خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغانىدى. فېئودال تەپرىقىچىلىك، بۆلۈنمىچىلىك، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، قاششاقلىق، جاھالەت ۋە قاتمۇقات زۇلۇم بۇ ئەما ئەدىبنى ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە، ئىنساپقا، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىش نىيىتىگە ئېلىپ

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 178 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

كەلگەندى.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىدە ئەينى دەۋردە ئەنئەنىگە ئايلانغان ئۇسۇل بويىچە، ئالدى بىلەن ئاللاغا ھەمدۇسانا (1 ـ باب، 1 ــ 10 ـ بېيىتلار)، ئارقىدىن پەيغەمبەر ــ مۇھەممەد روسۇلىللاغا (2 ـ باب، 11 ــ 15 ـ بېيىتلار) ۋە 4 ساھىبىگە (3 ـ باب، 16 ــ 20 ـ بېيىتلار) ئۇ ئۆز ئەسىرىنى تەقدىم قىلماقچى بولغان بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

مۇئەللىپ 5 ـ باب ــ «كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە» (35 ــ 40 ـ بېيىتلار) دە ئۆز كىتابىنى داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامىنىڭ دۇنيادا قېلىشى ئۈچۈن، كىتابنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان كىشى شاھنى دۇئا بىلەن ياد ئېتىشى، ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ مىسلىسىز يۈكسەك بولۇشى ئۈچۈن يازدىم دەپ، كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى شاھ نامى، شاھ ـ شۆھرىتى بىلەن باغلاپ، ئۆز ساداقىتى، ھۆرمىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىگەندىن كېيىن،

39. «بەزەدىم كىتابنى نەۋادىر سۆزۈن،
باقىغلى ئوقىغلى ئاسىغ ئالسۇ دەپ.»

[بۇ كىتابنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بېزىدىم،
(ئۇنى) كۆرگەن، ئوقۇغانلار بەھرە ئالسۇن دەپ.]

دىگەن مىسرالىرى ئارقىلىق بۇ ئەسەرنى كىشىلەرنى بەھرىلەندۈرۈش، تەربىيىلەش مەقسىتىدە يازغانلىقىنىمۇ

ئېيتىپ ئۆتىدۇ. ئاپتورنىڭ كىتابنى يېزىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىمۇ مۇشۇ قۇرلاردا نامايان بولىدۇ.

غەزەل شەكلىدە يېزىلغان يۇقىرىقى 5 بابتىن كېيىن، ئاپتور 6 - بابتىن باشلاپ تۆتلۈك شېئىرىي شەكىل بىلەن داستاندا جۇشەندۇرمەكچى بولغان ئون بىر چوڭ مەسىلىگە ئۆتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر: بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى (6 - باب، 41 - كۇپلېتتىن 52 - كۇپلېتقىچە)؛ تىلنى تىزگىنلەش (7 - باب، 53 - كۇپلېتتىن 64 - كۇپلېتىچە)؛ دۇنيانى توغرا تونۇش (8 - باب، 65 - كۇپلېتتىن 76 - كۇپلېتقىچە)؛ مەردلىك ۋە بېخىللىق (9 - باب، 77 - كۇپلېتتىن 86 - كۇپلېتقىچە)؛ كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق (10 - باب، 87 - كۇپلېتتىن 99 - كۇپلېتقىچە)؛ كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق (12 - باب، 100 - كۇپلېتتىن 115 - كۇپلېتقىچە) تىن ئىبارەتتۇر.

13 - بابتا (116 - كۇپلېتتىن 136 - كۇپلېتقىچە) ئاپتور زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن زارلاپ، ئۆز ئىچ پۇشۇقىنى بايان قىلىدۇ؛ 14 - بابتا (137 - كۇپلېتتىن 141 - كۇپلېتقىچە) كىتابنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە سۆز قىلىپ، ئۆز ئۆزرىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسىرىنى تاماملايدۇ.

كىتاب ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچى ياكى كۆچۈرگۈزگەن ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان ئىككى پارچە تۆتلۈك، بىر پارچە مەسنەۋى (10 كۇپلېت)نى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، پۈتۈن داستان جەمئىي 351 كۇپلېت شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

ئاپتور ئۆزى تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئاساسىي

مەقسەتكە كۆچكىنىدە، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىلەر، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىدۇ.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئىنساننىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋە ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئورنىغا قويغان. ئۇ ئاساسىي مەقسەتكە كۆچكەن 6 ـ بابنىڭ بېشىدىلا:

41. «بىلىكدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە! ئۇلا
بىلىكلىككە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا
بىلىك بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى
بىلىك بىل سەئادەت يولىنى بۇلا»

[سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىمگە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.]

دەپ، ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەت يولى پەقەت بىلىم ئارقىلىقلار ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇ ئارقىدىنلا، بىلىم ئادەمنىڭ زىننىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتىدۇر، ئادەم پەقەت بىلىم بىلەنلا ئادەم بولۇپ تونۇلىدۇ ۋە نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق كىشىنى يەرگە چۆكۈرىدۇ، بىلىم ۋە بىلىملىكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى

بىلىملىك بىلىدۇ، نادانلىق ئىنسان ئۈچۈن يۈيۈپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر، بىلىملىكلەر كىرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، بىلىمسىزلەر بىلمەستىن سۆزلەپ ئۆز تىلى بىلەن ئۆز بېشىنى يەيدۇ، بىلىملىكنى ھەممە كىشى ياقتۇرىدۇ، ئۇنى پۈتۈن جاھان ماختايدۇ، بىلىم مۇلۇكسىزگە تۈگىمەس مۇلۇك، نەسەبسىزگە ئۈزۈلمەس نەسەبتۇر دېگەنگە ئوخشاش بىرقاتار پىكىر دۇردانىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەسىلەن:

42. «بەھالىغ دىنار ئول بىلىك كىشى

بۇ جاھال بىلىمسىز باھاسىز بىشى»

[بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،

بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر.]

43. «سۆڭەككە يىلىك تەگ ئەرەنكە بىلىك

ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىك»

[ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،

ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر.]

44. «...............................

بىلىكلىك ئەر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى

بىلىكسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈك»

www.uyghurkitap.com

[بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.]

48. «.................................
نە تۇرلۇگ ئارىغسىز ئەرىر يۇماقىن
جاهىل يۇپ ئارىماز ئارىغسىز ئەرۇر»

[هەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ،
نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.]

52. «....................................
تاۋارسىزقا بىلگى تۇكەنمەز تاۋار
نەسەبسىزقا بىلگى يىرىلمەز نوسەب».

[مۈلۈكسىزگە بىلىم تۈگىمەس مۈلۈك،
نەسەبسىزگە بىلىم ئۈزۈلمەس نەسەب.]

بىلىم، بىلىملىك بولۇش بىلەن بىلىمسىزلىك، مەرىپەت بىلەن جاهالەت (نادانلىق) بۇ بابتىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تەرەپ بولۇپ، ئاپتور مۇهەببەت ـ نەپرىتى روشەن هالدا بىلىم، بىلىملىك بولۇشنى، مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ، بىلىمسىزلىك ۋە جاهالەت (نادانلىق)نى سۆكىدۇ.

ئاپتور تىل ئۇستىدە توختالغىنىدا، پىكىرنىڭ مەركىزىنى تىلنى تىزگىنلەش مەسىلىسىگە قارىتىدۇ، ئۇ تىلنى تىزگىنلەشنى ئىنتايىن ئوبرازلىق قىلىپ «تىلنى قاماقتا

تۇتۇش» دەيدۇ ھەمدە ئەگەر تىل قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئويلاپ سۆزلەش، ئاز سۆزلەش، قالايمىقان سۆزلىمەسلىك، ئاغزى بوشلۇق، تەنتەكلىك قىلماسلىق، كىشىلەرنى تىل بىلەن ئازابلىماسلىق ھەققىدە بىرمۇنچە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن:

57. «نەكىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۇر
تىلىندىن كىم ئەدگۇ كىم ئىسىز بولۇر
ئەشىت بۇت بۇ سۆزگە قامۇغ تاڭدا تەن
تۇرۇپ تىلگە يۈكنۈپ تەزەررۇ قىلۇر»

[كىشىگە ھەر ئىش كەلسە، تىلدىن كېلىدۇ،
كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلدىن مەلۇم بولىدۇ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، تەن ھەر تاڭدا تۇرۇپ تىلغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرىدۇ.]
دېيىش ئارقىلىق، تىلنى تىزگىنلەش ئادەم ھاياتىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.
ئۇ يەنە:

58. «ئىكى نەڭ بىرىكسە بىر ئەردە قالى
بۆكەندى ئول ئەركە مۇرۇۋۋەت يولى
بىر ئول ياڭشار ئەرسە كېرەكسىز سۆزۈگ
ئىكىنچ يالغان ئەرسە ئول ئەرنىڭ تىلى

59. تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تەزە
كەچۇرسە مە ئۆمرۈڭ كۆنىلىك ئۆزە
ئاغىز تىل بەزەكى كۆنى سۆز تۇرۇر
كۆنى سۆزلە سۆزنى تىلىڭنى بەزە»

[ئەگەر بىر كىشىدە (مۇنۇ) ئىككى نەرسە بىرىكسە،
ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېچىلىدۇ:
(ئۇنىڭ) بىرى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا،
ئىككىنچىسى يالغان سۆزلەشتۇر.
يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تەزگىن،
ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن.
راست گەپ ئېغىز ۋە تىلىڭنىڭ بېزىكىدۇر،
راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە.]

دەپ يېزىپ، كىشىلەرنى راستچىل بولۇشقا چاقىردۇ، مەمەدانلىق، يالغانچىلىق، كاززاپلىقنىڭ ئىنسان بالىسى ئۈچۈن زەرەرلىك ۋە خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ سىر ساقلاشنىڭمۇ ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ 7 ـ بابىدا ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا زور تەسىرگە ئىگە بولغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئەدىب زامانىسىدا تونۇلغان تەسەۋۋۇپ ئۇستاز (شەيخ) لىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆز مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشىنى داستاندا ئىپادىلىشى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ئىدى.

ئۇ بۇ بابنى ئەينى دەۋر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۇتىۋەر تېما ھېسابلانغان دۇنيانىڭ پانىيلىقى ھەققىدىكى ماۋزۇغا بېغىشلايدۇ ھەمدە سۆزىنى دۇنيانى كارۋان سارايغا ئوخشىتىش بىلەن باشلايدۇ. بۇ دۇنيا پەقەت بىر ئۆتكۈنچى دۇنيا، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا بىر ئۆتكۈنچىدۇر، ئىنسان بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتىشى، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى، ئېگىنى پۈتۈن، قورسىقى توق بولسىلا، شۇنىڭغا قانائەت قىلىشى كېرەك، دەيدۇ ئۇ ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپ:

69. «بەقاسىز ئەرۇر بۇ ئاژۇن لەززەتى
كەچەر يىل كەچەر تەگ مەزە مۇددەتى
يىگىت قوجا بولۇر ياغى ئەسكىرۇر
قاۋى ئەرسە قامىلۇر قاچار قۇۋۋەتى

70. بۇكۈن بار يارىن يوق بۇ دۇنيا نەڭى
مەنىڭ دەمىشىڭ نەڭ ئادىنلار ئوڭى
قامۇغ تولغان ئىرلۇر تۇكەل ئەكسىيۇر
قامۇغ ئابادانىنىڭ خەراب ئول سوڭى

71. نەچە يەر بار ئەردى سىغىشماز ئەرى
ئەرى باردى قالدى قۇرۇغ تەك يەرى
نەچە ئالىم ئەردى نەچە فەيلەسوٗف
قانى بۇ كۈن ئۇلار مىڭىندە بىرى

72. ئاژۇن كۆلچىرەر باز ئالىن قاش چاتار
بىر ئەلگىن تۇتۇپ شەھد بىرىن زەھر قاتار
ئەسەل تاترۇپ ئىلكىن تاماق تاتىتىپ
كىدىنرەك قەدەھقا سۇنۇپ زەھر قاتار»

[بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس،
مەززە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال.
يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ،
قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ.
بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق،
مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى.
ھەممە كۆپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيىدۇ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ.
(ئادەملىرى) سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى،
(ھازىر) ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى.
قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى،
قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى؟
دۇنيا كۈلۈمسىرەيدۇ ھەم قاپىقىنى تۈرىدۇ،
بىر قولىدا ھەسەل تۇتۇپ، بىر قولىدا زەھەر ساقلار.
ئاۋۋال ھەسەل بېرىپ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ،
كېيىن زەھەر قېتىلغان قەدەھنى سۇنار.]

بۇ بابتىكى بايانلار بارلىق تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش زىددىيەتلىك تەرەپلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭدا بەزى ئىلغار پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر (مەسىلەن: خەسىسلىكتىن ئۆزىنى تارتىش،

مۇلۇكپەرەسلىك قىلماسلىق، بۇ دۇنيادا ياشاش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىش، ئىگىلىگەن بايلىق — باشقىلارنىڭ قىسمىتى، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك نىسبىي بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش) قوشۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا توپ ئاساسىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگىنى ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ سۇبيېكتىپ پانتېئىزملىق نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىبارەت. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى تەڭرىگە باغلاپ، تەقدىرگە تەن بېرىشنى، بېشىغا كېلىدىغىنىنى كۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، «بۇ دۇنيا قاچان ئۇمىد ئورنى بولغان» دەيدۇ.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى داستانىنىڭ 9 -، 10 -، 11 - ۋە 12 - بابلىرىدا گۈزەل كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن، ئۇنىڭغا يات بولغان پەس خۇلق - مىجەزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، كەمتەر، كىچىك پېئىل، خۇي - پەيلى گۈزەل بولۇشنى؛ كىشىلەرگە شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە ۋاپادار بولۇشنى؛ كۆيۈمچانلىق، كەڭ قورساقلىق، مۇلايىملىق، تەمكىنلىك ۋە سەۋرچانلىقنى؛ پايدىسىز سۆز - چۆچەك ۋە جېدەلدىن ساقلىنىشنى؛ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش، دوستلۇققا ئىنتىلىش ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەشنى؛ ياخشى قىلىق، خۇي - پەيللىك بولۇپ يامانغا يولىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇشۇنداق بولۇش ۋە مۇشۇنداق قىلىشنى ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقىدەك ياخشى خىسلەت، ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىر قاتاردا بېخىللىق،

تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، يۇقىرى - تۆۋەنلىك، ئۇلۇغلۇق تالىشىش، ئاچ كۆزلۈك، تەمەگەرلىك، يامان خۇي - پەيل، كىشىلەرگە يامانلىق، زۇلۇم - ستەم قىلىش قاتارلىق ئىنسانىي ئەخلاقتا يات ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ، كىشىلەرنى بۇ خىل ئىللەت، رەزىللىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشقا چاقىرىدۇ.

ئاپتورنىڭ مەردلىك بىلەن بېخىللىقنى، كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇقنى، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىقنى، قانائەتچانلىق بىلەن ئاچ كۆزلۈكنى، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىپ، ئۇلانىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق، ياخشى ۋە يامان، خاتا ۋە توغرا تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئاساسىدا، كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ يازغان بۇ بابلىردا داستاننىڭ دىداكتىكىلىق خاراكتېرى ھەمدە ئىجتىمائىي - سىياسىي، تەربىيىۋى مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ئەھمىيىتى روشەن نامايان بولىدۇ.

شائىر ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلەردىن ئۇ ياشىغان دەۋردە ھاكىم تەبىقىدىكىلەر (سىنىپلار) بىلەن مەھكۇم تەبىقىدىكىلەر (سىنىپلار) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، سىنىپىي زۇلۇم، زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. شائىر ھاكىم (يۇقىرى) تەبىقىدىكىلەرنى ئادالەتكە، توغرىلىققا، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلماسلىققا، ئەكسىچە، كىشىلەرگە ماددىي ياردەم بېرىش، خەير - ساخاۋەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ.

بۇ بابلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ مەلۇم ئىلغار،

تەرەققىيپەرۋەرلىك مەزمۇنغا ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ پانتېئىزم، تەقدىرچىلىك، مۇرەسسەچىلىككە ئوخشاش ئىدىيىۋى خاھىشلىرىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك.
مەسىلەن:
«بۇ بايلىق چىغايلىق ئىدى قىسمەتى»
[بايلىق ۋە گادايلىق ئاللانىڭ قىسمىتىدۇر.]
(96 ـ كۇپلېت)
«تار ئەرسە كىڭ ئەرسە بىتىلدى رۇزۇڭ»
[تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن، رىزقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن.]
(99 ـ كۇپلېت)
«ئاتا بىر، ئانا بىر ئۇيالار بۇ خەلق،
تەفاۋۇتلەرى يوق ئۆتە ئىر تەسە»
[ئىنسانلار بىر ئاتا بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداش،
ئوبدان سۈرۈشتۈرۈلسە، (ئۇلار ئارىسىدا) ھېچ پەرق يوق.]
(93 ـ كۇپلېت)
«جەفا قىلدى چىڭقا يانۇت قىل ۋەفا
ئارىماز نەچە يۇسا قان بىرلە قان»
[ساڭا جاپا قىلغۇچىغا جاۋابەن ۋاپا قىلغىن،
(چۈنكى قاننى قان بىلەن قانچە يۇسىمۇ تازىلانمايدۇ.)
(102 ـ كۇپلېت)
«ساڭا تەگسە ئەمگەك كىشىدىن كۆتۈر»
[ئەگەر ساڭا (باشقىلاردىن) جاپا كەلسە، ئۇنى كۆتۈرگىن.]

(103 ـ كۇپلېت)
108. «بەلا كەلسە سەبر ئەت، فەرەھقا كۇدۇپ
كۇدۇپ تۇر فەرەھقا بەلا رەنج يودۇپ
ئۆچەر مېھنەت ئوتى كەچەر نەۋبەتى
قالۇر سەبر ئىدىسى سەۋابىن يۆدۇپ»
[بالا كەلسە، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋر قىل،
بالا ۋە زەخمەت يوقىلىپ شادلىقنىڭ كېلىشىنى كۈت.
جاپانىڭ نۆۋىتى كېتىپ، ئوتى ئۆچىدۇ،
سەۋر ئىگىسى ساۋابنى يۈدۈپ قالىدۇ.]

خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىمۇ زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ توختىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى، ئۇنىڭدىكى ناھەقچىلىق، يولسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە چىرىكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ.
شائىر:

117. «بۇ كۈن بۇ ئاژۇندا كىشىلىك ئىسىز
قانى قانچە بەردى كىشىلىك ئىسىز
ۋەفا كۆلى سۇغلۇپ قۇرۇپ يۇللارى
جەفا تولدى تاشتى تەڭىزدىن ئەدىز»

[بۈگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر،
ئىسسىت، ئىنسانلىق قېنى، نەگە كەتتى.

ۋاپا كۆلى سوغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى،
جاپا تولۇپ تاشتى، دېڭىزدىن ئاشتى.]

ئۇ ئارقىدىنلا مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:
«ئەھد - ئامانەت، ياخشىلىق قېنى؟ ياخشىلىق كېتىپ، يامانلىق كەلدى. زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەبىر - جاپا بىلەن تولۇپ، ساۋابلىق بىر ئىشمۇ قالمىدى. ئىبادەت ساختىلىقتا ئايلاندى، ئالىملار ئۆز ئىشىنى، زاھىتلار تەقۋادارلىقنى تاشلىدى. ئىككى يۈزلىمچىلەر ئېتىبارلىق بولۇۋاتىدۇ، يوللۇقلارغا يول يوق، يولسىزلارغا يول كەڭرى بولۇۋاتىدۇ، ئەخلاقسىزلارنىڭ دەۋرى كەلدى، ئۇيات يىتتى، ھالال يېگۈچىلەر تۈگىدى، خەلق مال - دۇنيانىڭ قۇلى بولدى. دۇنيا ھۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن ۋاپاسىز بولدى، پەسلەرنى كۆتۈرۈپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇردى.» (118 - كۇپلېتتىن 132 - كۇپلېتقىچە)
بۇ تەنقىد ئەيىبلەشلەرنىڭ مەركىزىدە ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى تەبىقە (سىنىپ) لار تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. شائىرنىڭ ئۆتكۈر قىلىپ: «ئۆزۈك بۇزۇق، شۇڭا جاھانمۇ بۇزۇلدى» (119 - كۇپلېت)، «ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەر قېنى؟ خەلق بىلەن كارىڭ يوق، زامانىڭنى ئەيىبلەيسەن، زامانىڭنى ئەيىبلىمەي، كىشىلىرىڭنى ئەيىبلە» (122 - كۇپلېت)، «كىم ئىككى يۈزلىمچى بولسا، شۇ ئېتىبارلىق بولىدۇ، كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر» (123 - كۇپلېت)، «ئەي ئەخلاقسىز، بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ، سېنى قەيەردە ۋە قانداق تىل بىلەن كىم

توسىدۇ؟» (124 ـ كۇپلېت) دېگەن بىرقاتار بايانلىرى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىرنىڭ ھۇنەرۋەنلەر ھەققىدىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرى (131 ـ، 132 ـ كۇپلېتلار) ئېتىبارغا ئالاھىدە سازاۋەردۇر. ئۇ بۇ كۇپلېتلاردا ئەمگەكچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ پادىشاھقا: «بۇ ھۇنەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟» دېگەن ئۆتكۈر سوئالنى قويىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ، يىرگىنچلىك تەرەپلىرى، ناچار ئىللەتلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى بىرەر جەڭگىۋار پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان، بەلكى ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا ھەممىنى «تەقدىر»دىن كۆرۈش، «تەقدىرگە تەن بېرىش» كېرەك دەيدىغان ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ پانتېئىزملىق نۇقتىئىنەزىرىدە توختاپ قالغان.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك بىرقاتار ئىدىيىلىك نۇقتىئىنەزەر ۋە فېئودالىق ئەدەپ ـ يوسۇنغا ئائىت پاسسىپ چۈشەنچىلەردىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھال داستاننىڭ ئىلغار ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى يوققا چىقارمايدۇ. شائىرنىڭ فېئودالىق تۈزۈم چىرىكلىشىپ، جاھالەت، زۇلۇم چېكىگە يەتكەن، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە باشقا ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىپ، كىشىلىك ئەخلاق يوقالغان بىر مەزگىلدە روشەن ھالدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ بۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ ھۆكۈمدارغا سۇنۇشى زور جاسارەت ۋە تېپىلغۇسىز قىممەتلىك پەزىلەت ئىدى. بىز

ماركسىزمنىڭ كلاسسىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەسەرنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىلىرى

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىز باشتىلا شۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە بولىمىزكى، مەيلى ئورخۇن يادنامىلىرىدىن تۇرپان تېكىستلىرىگىچە بولسۇن، مەيلى «قۇتادغۇبىلىك» تىن تارتىپ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قىچە بولغان يادىكارلىقلاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بىر ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇ بولسىمۇ: بىلىمنىڭ ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى، جەمئىيەتنى تۈزەش، ئۆزگەرتىشتىكى بۈيۈك رولى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇلۇغلاش، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى ئۆزى يەتمەكچى بولغان غايىۋى دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ئورنىغا قويۇپ، بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن نەقەدەر زۆرۈر ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى زور شىجائەت بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان بولسا، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا جەمئىيەتنى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىنسانىي ئەخلاق ـ

پەزىلەت يولى بىلەن تۈزەشنى تەشەببۇس قىلىپ، خارابلىشىپ يولدىن چىققان رېئال جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ھەقىقەت دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان.

خۇددى يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئەھمەد يۈكنەكىمۇ بىلىمگە بېغىشلانغان مەخسۇس بابىدىن كېيىنلا تىل ھەققىدە مەخسۇس بىر باب ئاچىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «تىل ئەقىل ھەم بىلىمنىڭ تەرجىمانى، تىل كىشىنى قەدىرلىك قىلىپ بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ ياكى خار قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىيدۇ» (162 ـ، 163 ـ بېيىتلار) دەپ كۆرسەتسە، ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: «كىشىنىڭ پۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى — تىلدۇر» دېگەن سۆزىنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق، تىلنى تىزگىنلەشنى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىنسان ھاياتىنىڭ كاپالىتى ئورنىغا قويىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ:

167. «سۆزۈڭنى كۈدەزگىل باشىڭ بارماسۇن
تىلىڭنى كۈدەزگىل تىشىڭ سىنماسۇن»
[سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.]

دەپ يازغــان بولســا، ئەھمــەد يۈكنــەكى ئۈنىڭغـا يېقىنـدىــن ياندىشىپ ۋە نەقىل ئېلىپ مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

53. «ئەشىتكىل، بىلىكلىك نەگۈ دەپ ئايۇر
ئەدەبلەر باشى تىل، كۈدەزمەك دەيۇر.
تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»

[بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن،
(ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ.
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى «كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش»، «كىشىگە كىشىلىك قىلىشتۇر»، ئەنە شۇنداق كىشىلا «كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ كىشىلىك (ئادىمىيلىك) مەسىلىسىنى ئۆز ئىدىيىلىدىكى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم مەركىزىگە قويغــان بولســا، ئەھمــەد يۈكنــەكى مــەردلىك ۋە بــېخىللىق، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق، ئاچ كۆزلۈك، كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت كىشىلىك ئەخلاقىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئۆز پەند ـ نەسىھەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغان ھالدا، ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئېچىگە

قويۇپ بايان قىلغان. بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان يەنە بىر ئوخشاشلىق شۇكى، ھەر ئىككى ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقى، كىشىلىكنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئىزھار قىلىشقان. (بۇ ھەقتە باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلىكى ئۈچۈن تەپسىلىي توختالمىدۇق).

دەۋر قەھرىمانىنى ياراتقىنىدەك، ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىنىمۇ يارىتىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنىڭ ئۆزىمۇ دەۋر قەھرىمانلىرىدۇر. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جەمئىيەت سىياسىي - ئىقتىسادى تۇراقلىشىپ، گۈللەنگەن ۋە شۇ ئاساستا مەدەنىيەتتىمۇ گۈللىنىش كۆرۈلگەن دەۋرلىرىمۇ، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان دەۋرلىرىمۇ بولدى. ھالبۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەھمەد يۈكنەكى ئىجاد ئەتكەن دەۋر بۇ سۇلالىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرى بولماستىن، بەلكى بۆلۈنمىچىلىك، ئىچكى ئۇرۇشلار دەستىدە ھالسىرىغان، زەئىپلىشىش، زاۋاللىققا يۈزلىنىش سەۋەبىدىن مۇنقەرز بولۇشقا ماڭغان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى. بۇ ئىككى ئەدىب شۇنداق تارىخي مۇھىتتا مەيدانغا چىقىپ، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە چىقىش ۋە نىجاتلىق يولى ئىزدىگەن دەۋر مۇنەۋۋەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زامان ھەققىدە يازغان بايانلىرىدا بىر سەلبىي ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، كىشىلىكى يوقالغان،

ۋاپاسىز، جاھىل، بۇزۇلغان جەمئىيەت ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئالدىدىكى پىكىرنىڭ خۇلاسىسى تەرىزىدە، ئەجدادلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى، دانىشمەنلىرى؛ ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر، ئەدىبلەر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇستىلىرى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق، «ئىرسالۇل مەسەل» دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىري ۋاستە بويىچە 170 تىن كۆپرەك ئىبرەت دەرىجىسىدىكى تۆتلۈكلەرنى بەرگەنىدى. ئەھمەد يۈكنەكى داستانىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەنە شۇ تۆتلۈكلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئوخشاش شېئىري شەكىل، ۋەزىن بىلەن يازغان. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدا قوللىنىلغان ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن بىر جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، ئارۇزنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىگە چۈشۈرۈلگەن، شۇ دەۋر كىشىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «تۈركىي ئارۇزى» دەپ ئاتالغان بۇ تۆتلۈكلەر مۇتەقارىپ بەھرىنىڭ مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ۋەزنىدە بولۇپ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمى پۈتۈنلەي «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆتلۈكلەر بىلەن ئوخشاش ۋەزىندە، مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر روكنىدە يېزىلغان. ئەھمەد يۈكنەكى بۇ تۆتلۈكلىرىدە خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاشلا «ئىرسالۇل مەسەل» دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىري ۋاستىنى قوللانغان، لېكىن،

ئۇ خەلق ھېكمەتلىرى، ماقال - تەمسىللىرىنى ئىشلەتكىنىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك باشقىلار تىلى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆز پىكرى، ئەسەر مەزمۇنى بىلەن بىر جىپسىلاشتۇرۇپ بەرگەن.

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك تىلى ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ھەمدە مىلادىيە 13 - ئەسىر ئەدەبىي تىلىنى ئېنىقلاشتىكى مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇشى بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىپ كەلدى. بېرتېلىسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ داستاننىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىلى بىلەن مىلادىيە 14 - ئەسىر ۋە 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چاغاتاي تىلىنى بىر - بىرىگە باغلاشتا خۇددى بىر كۆۋرۈكتەك خىزمەت قىلغىنىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ناھايىتى مۇھىمدۇر.»[1]

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ تىلىنى بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان «قەشقەر تىلى» دېگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتىغان. داستاننى ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلغان تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات ئەسەرنىڭ مىلادىيە

[1] «ئەھمەد يۈكنەكى» ‹‹ھىببەتۇلھەقايىق› داستانى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981 - يىل 3 - سان، 281 - بەت.



www.uyghurkitap.com

1951 ـ يىلى مەيدانغا چىقىرىلغان مۇكەممەل نۇسخىسىدا «قەشقەر تىلى» غا ئىزاھ بەرگىنىدە، بۇ تىلنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «خاقانىيە تىلى» بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى (ئۇنىڭچە ‹خاقانىيە تۈركچىسى› دەپ ئاتالغان تىل) نىڭ ئوغۇز ـ قىپچاق تۈركۈمىدىكى تىللاردىن پەرقىنى ئۆز ئەسىرىدە ناھايىتى روشەن پاكىتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يورۇتۇپ بېرىلگەن، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۇدەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بويىچە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تولۇق ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز:

| «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدا | ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىدا |
| --- | --- |
| yi | ji |
| yol | jol |
| yakin | jakin |
| yilik | ilik |

| | |
|---|---|
| dil | til |
| bün | mün |
| mung | bung |
| bing | ming |

«قەشقەر تىلى» نىڭ فونېتىكىسى ۋە مورفولوگىيىسىدە روشەن ئەكس ئەتكەن بۇ ئالاھىدىلىكلەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنىڭ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تۇركۇمىدىكى تىللارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمدى، ئەسەر تىلىنىڭ «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۆزىلا ھېچ مۇستەسناسىز ھالدا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، مەيلى «خاقانىيە تىلى» بولسۇن ۋەياكى «قەشقەر تىلى» بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئوخشاشمىغان ئاتىلىشى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ يەردە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئامىللار بىلەن بىللە يەنە ئۆز دەۋرىگە خاس يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدىكى بۇ خىل يېڭى سۈپەت ئامىللىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن چاغاتاي تىلى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاشتا بىزنى قىممەتلىك تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، تىل ـ ئەدەبىياتشۇناسلار بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى

باھالىغاندا ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇشقانىدى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «يېڭى سۇپەت ئاملى» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن «چاغاتاي تىلى» دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان «خاقانىيە تىلى» دا پەيدىنپەي كۆرۈلۈشكە باشلىغان، «چاغاتاي تىلى» غا يېقىن ياكى خاس بولغان سۇپەت ئۆزگىرىشى ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىلى بىلەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بىز «خاقانىيە تىلى» دىكى مۇنداق بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكنى كۆرىمىز: «خاقانىيە تىلى» دا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلغا خاس ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇنىڭدا كېيىنكى دەۋر ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلى)غا خاس ئامىللارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان، ئىككى ئەدەبىي تىلغا خاس ئامىللارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەڭ قوللىنىشىدەك بۇ خىل ھالەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ۋە پەيدىنپەي كۈچىيىپ بارغان، ھالبۇكى، بۇ خىل يېڭى سۇپەت ئۆزگىرىش ئاملى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «چاغاتاي تىلى» دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان.

مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالاھىدە ئۆتكەن زامان پېئىلى «mix» «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا ئۆز رولىنى يوقىتىپ، ئۆتكەن

زامان سۆپەتداش قوشۇمچىسى «anɪO، kan، gen، ken»گە ئۆزگەرگەن ياكى شۇ فورمىدا كەلگەن. («mix» چاغاتاي تىلىدا ئايرىم ھالدا گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولىدى) «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىشلىتىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى «i» «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا «ni» غا ئۆزگەرگەن. ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ قوللىنىشىغا كەلسەك، 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر ئاران 500 گە يېقىن بولسا، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى 200 دىن ئاشىدۇ.

بۇ خىل سۆپەت ئۆزگىرىش ئامىللىرى يالغۇز قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىلا ئەمەس، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىمۇ ئوخشاشمىغان مەزگىلدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىدىكى مەركىزىي ئۆتۈش جەريانىنىڭ بىرەر دائىرە ياكى رايون خاراكتېرلىك جەريان بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە شەكىللەنگەن بىر ئومۇمىيلىق ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەشەببۇس ۋە قاراشلار باشتىن - ئاخىر سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە

ئوخشــــتىش، سىمۋوللاشتۇرۇشـــتەك بـــەدىئىي تەســـۋىرىي ۋاسىتىلەر ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە كىشـــىنى ئـــالاھىدە جەلىپ قىلىدىغـــىنى شـــائىرنىڭ تىـــل سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىدۇر.

61. «كۆنى سۆز ئەسەل تەگ، بۇ يالغان بەسەل،
بەسەل يەپ ئاچىتما ئاغىز، يە ئەسەل.
بۇ يالغان سۆز ئىگ تەگ كۆنى سۆز شىفا
بۇ بىر سۆز ئوزاقى ئۇرۇلمىش مەسەل»

[راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز،
ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن.
يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر،
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر.]

70. «............................
قامۇغ تولغان ئىرلۇر تۇكەل ئەكسىيۇر
قامۇغ ئابادانىنىڭ خەراب ئول سوڭى»
[ھەممە كۆپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيىدۇ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ.]

73. «سۇچۇگ تاتىنىڭ ئەرسە ئاچىغقا ئانۇن
بىرىن كەلسە راھەت كەلۇر رەنج ئونۇن

........................................

[تـاتلىقنى تېتىغـان بولسـاك، ئـاچچىقنى تېتىشقا تەييارلان،
راھەت بىرلەپ كەلسە، زەخمەت ئۇنلاپ كېلىدۇ.]

108. «بەلا كەلسە سەبرئەت فەرەھقا كۈدۈپ

........................................

[بالا كەلسە، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋر قىل.]

109. «ئۈلۈغلۇقا تەگسەك ياڭىلما ئۆزۈڭ
قالى كەدسەڭ ئەتلەس ئۈنۈتما بوزۈڭ

........................................

[يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشسەڭ، ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما،
ئەتلەس كىيسەڭ، بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما.]

130. «ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرسى
ئەرى زەھرى تاتغۇ ئەسەلدىن ئوزا

........................................

[ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ،
ھەسەلدىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ.]



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاپتور راست بىلەن يالغان، ئاز بىلەن كۆپ، ئاۋاتلىق بىلەن خارابلىق، تاتلىق بىلەن ئاچچىق، راھەت بىلەن جاپا، بالا ـ قازا بىلەن شادلىق، يۇقىرى بىلەن تۆۋەنلىككە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلىك بولغان ئابستراكت ئۇقۇملارنى كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ئارزۇ ـ غايىسىنى، نېمىنى قوللاپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ھېچقانداق ۋەقەلىك ۋە ھېكايىلەرسىز توغرىدىن ـ توغرا تەلىم ـ تەربىيە، پەند ـ نەسىھەت ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن ئاپتورنىڭ يېتىلگەن لىرىك شائىر، بەدىئىي تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئەسەردىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشىتىش شەكلى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇلغان، ئوخشىتىشلار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى ئوبرازلىق خۇسۇسىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، بۇ خىل ئىپادىلەش سەنئىتى ئەسەرنى ئالاھىدە جازىبىدارلىق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن، ياكى شۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە (جۈملىدىن دىداكتىك ياكى تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە) چېلىقىدىغان ئوخشىتىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاپتورنىڭ بەدىئىي

تەسۋىر سەنئىتىدە يېڭىچە تۈس ئالغان. مەسىلەن: «بىلىملىك كىشى ھەقىقىي ئالتۇن دىنار، بىلىمسىز نادان قىممەتسىز يارماق» (42 ـ كۇپلېت)، «بىلىم — سۆڭەكتىكى يىلىكتۇر» (43 ـ كۇپلېت)، «نادانلىق — يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر» (48 ـ كۇپلېت)، «بىلىم — تۈگىمەس مۈلۈك، ئۈزۈلمەس نەسەب» (52 ـ كۇپلېت)، «راست گەپ — ھەسەل، يالغان گەپ — پىياز» (61 ـ كۇپلېت)، «دۇنيا — ئوق يىلاندۇر» (74 ـ كۇپلېت)، «بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى بىر چۈشتۇر» (76 ـ كۇپلېت)، «تار قورساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەخ» (101 ـ كۇپلېت)، «كەڭ قورساقلىق بىر بىنا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلى، ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان، كەڭ قورساقلىق بوستاندىكى قىزىلگۈل» (106 ـ كۇپلېت) ۋەھاكازالار. «كىبىرلىك» ئۇقۇمى ئەسەردە «يالغان سۆز» (61 ـ كۇپلېت)، «بېخىللىق» (84 ـ كۇپلېت) ۋە «ئاچ كۆزلۈك» (98 ـ كۇپلېت) تىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقۇمنىڭ ئوخشىغۇچىسى ئورنىدا خىزمەت قىلغان. بولۇپمۇ، 33 ـ كۇپلېتتىكى ئوخشىتىش ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە يېڭىلىقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدا شائىر ئۆزىنى بۇلۇتقا، ئەسىرىنى بۇلۇتتىكى ئۇششاق قەترىلەرگە (يامغۇر تامچىلىرىغا)، شاھنى دېڭىزغا ئوخشىتىدۇ.

ئاپتور داستاندا مەجاز (مېتافورا) ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: «شەك ـ شۈبھە يولىدا

يۈرگەنلەر» (6 ـ بېيىت)، «بۇلۇت خىجىل بولىدۇ» (29 ـ بېيىت)، «بىلىم تەمى» (47ـ كۇپلېت)، «ياخشىلىق تېرىش» (68 ـ كۇپلېت)، «غەم ئۈمىدكە قوشۇلماي ئېقىۋېرىدۇ» (73 ـ كۇپلېت)، «دۇنيا بەزىدە نىقابىنى قايرىپ يۈزىنى ئاچىدۇ» (76 ـ كۇپلېت)، «ئاچ كۆزلۈك قېرىمايدۇ» (97 ـ كۇپلېت)، «ۋاپا كۆلى سوغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى» (117 ـ كۇپلېت)، «ئۈيات ھەدى» (125 ـ كۇپلېت) دېگەنگە ئوخشاش. يۇقىرىقىدەك بىرقاتار مەجاز (مېتافورا) لار داستانىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ شېئىرىي شەكلى، مەزمۇننى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاپتورنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر تونۇشلۇقى ۋە ئۇنى ئۆز ئىجادىغا تەتبىقلاشتىكى يۇقىرى ئىقتىدارى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئالدى بىلەن، ئاپتور ئەسەردە قوللانغان شېئىرىي شەكىل خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تۆتلۈك ۋە تۇيۇقلاردىن كەلگەن. قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدىكى تۆتلۈك ۋە تۇيۇقلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ۋە مۇتەقارىپ بەھرىگە چۈشىدىغان بولۇپ، ئەھمەد يۈكنەكى داستانىنى مۇتەقارىپنىڭ مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى مۇسەممەنى مەھزۇپ روكنىدە يازغان.

داستاندىكى تۆتلۈكلەر ئىچىدە تۇيۇقلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

41. «بىلىكىدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا
بىلىكلىكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا»

[سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.]

بۇ كۇپلېتتا 1 ـ مىسرادىكى «ئۇلا» — «ئاساس» مەنىسىدە، 2 ـ مىسرادىكى «ئۇلا» — «باغلاش» مەنىسىدە كەلگەن.

101. «بۇتۇن قىلقى فئىلىن ئۆتە ئەرتەگىل
كەرەم كىمدە ئەرسە ئۇنى ئەرتەگىل»

[(ئادەمنىڭ) پۈتۈن قىلىق ـ ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزەتكىن
كىم كەڭ قورساق بولسا، شۇنى ئادەم دېگىن.]

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «ئەرتەگىل» — «كۆزەتكىن» مەنىسىدە، 2 ـ مىسرادىكى «ئەرتەگىل» — «ئادەم دېگىن» مەنىسىدە كەلگەن.

ئەسەر تىلى گويا خەلق ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپلىمىغا ئوخشايدۇ. بۇ ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەسەر مەزمۇنى، قاپىيىسى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ،

ئۇ مىسىرالاردىن خەلق ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىرىنىڭ ئەينى قىياپىتىنىمۇ، ئاپتور تەرىپىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر، كەڭ مەزمۇنغا ئىگە قىلىنىپ ئىجادىي ئىشلەنگەن يېڭى قىياپىتىنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. ئاپتور يەنە ئەينى دەۋر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىل بايلىقىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، بەزى يېڭى ماقال ـ تەمسىللەرنى ھەم ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك ئەقلىيە سۆزلەرنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن:

114. «..............................

ئايا ئادگۇ ئۇمغا ئىسىزلىك قىلىپ
تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم بىچمەز ئول»

[ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن (كىشى)،
تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ.]

داستاننىڭ قىممىتىنى نامەلۇم بىرى تەرىپىدىن ئەسەر ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان بىرىنچى ئىلاۋىدىكى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلەش مۇمكىن.

«ياغان بولسا يۈكلۈگ ئوزەنىندە زەر
ئانىڭ تۈشى بولغاي بۇ سۆزنۈڭ ئازى»

[ئۈستىگە ئالتۇن ئارتىلغان بىر پىل بولسا،
بۇ سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا شۇنىڭغا تەڭ كېلىدۇ.]

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

# ئەتەبەتۇلهەقايىق

## كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

بۇ كىتابنى داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن يازدىم، ئۇنىڭ نامى دۇنيادا قالسۇن دەپ، كىتابىمنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان كىشى، شاھىمنى دۇئا بىلەن ياد ئەتسۇن دەپ. كۆڭۈللەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ، جاھان ئۇنىڭ يادى بىلەن تولسۇن دەپ. كېيىن دۇنياغا كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرىسى مىسلىسىز يۇكسەلسۇن دەپ. بۇ كىتابنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بېزىدىم، (ئۇنى) كۆرگەن، ئوقۇغانلار بەھرە ئالسۇن دەپ. مەن بۇ كىتابنى شاھىمغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتىم، ھاۋادارلىقىمنى تۇگەل بىلسۇن دەپ.

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىينى ھەققىدە

سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن، ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا. سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ. بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر. بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزنى ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ، بىلىملىك ئايال ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.

ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر.

بىلىمسىز (كىشى) يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ. (ھالبۇكى) يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ. بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك بولىدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ. تەڭلەشتۈرگەندە بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ. ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن ، بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار؟

ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈردى. بىلىمنى زىرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى، ھەق رەسۇلىللا: «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن.

بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ، بىلىم تەمىنى ئەي دوست، بىلىملىك بىلىدۇ. بىلىڭكى، بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ، بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟

بىلىمسىزگە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا پەند -

نەسـﯩـھەت پايدىسـﯩـز تۆيۈلـﯩـدۇ. ھـەرقانداق كـﯩـرنى يۆيـۈپ تازىلىغىلى بولىدۇ، (لېكىن) نادانلىق ـــ يۆيۈپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.

قـارا، بىلىملىـك كىشـى ئىشـنىڭ پـەيتىنى بىلىـدۇ. ئـۇ ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ. بىلىمسىز ھەممە ئىشتا ئۆكۈنىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا قىسمەت يوق.

بىلىملىكلـەر كېـرەكلىك سـۆزنى قىلىـدۇ، كېرەكسـىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ. بىلىمسىزلەر دائىم بىلمەستىن سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

كىشـى بىلىـم بىلـەن تونۇلىـدۇ، بىلىمسـﯩـزلىكتىن ياخشىلىق كۆرگەن(كىشى)بارمۇ؟

بىلىملىكنىـڭ سـۆزى پـەند ـ نەسـىھەت ۋە ئەدەپـتۇر. بىلىملىكنى ئەجەمىۇ، ئەرەبمۇ ماختىدى.

مۇلۇكسىزگە بىلىم تۇگىمەس مۇلۇك، نەسەبسىزگە بىلىم ئۇزۇلمەس نەسەب.

## تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

بىلىملىكلـەرنىڭ سۆزىگـە قـۇلاق سـالغىن، (ئـۇلار) ئـەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ.

تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن، ئەگـەر (ئـۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ.

ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر. كۆپ مەمـەدانلىق قىلغـان تىـل قارشـى تۇرغىلـى بولمايدىغـان

دۇشمەندۇر.

ئاغزىڭغا كەلگىنىنى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغىپ تۇت، ئېغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ، ئېغىز بوشلۇقى نۇرغۇن باشنى يېدى. كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما، شۇنى بىلگىنكى، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، (لېكىن)تىل يارىسى ساقايمايدۇ.

تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۇشمەندۇر، ئۆز تىلى سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ.

كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ، تىلىنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگىنى قېنى؟

كىشىگە ھەر ئىش كەلسە، تىلدىن كېلىدۇ. كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، تەن ھەر تاڭدا تۇرۇپ تىلغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىدە (مۇنۇ) ئىككى نەرسە بىرىكسە، ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېچىلىدۇ: (ئۇنىڭ) بىرى، قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا، ئىككىنچىسى، يالغان سۆزلەشتۇر. يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تەزگىن، ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن. راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە.

تىلىڭنى تىزگىنلە، ئاز سۆزلىگىن، تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ، ئۆزۈڭ قوغدىلىسەن. رەسۇلۇللا: «كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى تىلدۇر» دېدى. تىلىڭنى يىغ، ئوتتىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇزۇڭنى قۇتقاز.

راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز، ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن. يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر، بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر. راستچىل بول، راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال، كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن. ئەگەر بىلىكنى قويۇپ، راستچىللىق تونىنى كىيگىن، كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر.

سىرىڭنى چىڭ ساقلا، كىشىلەر بىلمىسۇن، سۆزۈڭدىن ئۆزۈڭگە ئۆكۈنچ كەلمىسۇن. بارلىق يوشۇرۇن ئىشلىرىڭ ئاشكارا بولۇپ، (بۇنى)كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار ساڭا كۈلمىسۇن. ھەرقانچە ئىشەنچلىك يېقىن دوستۇڭ بولسىمۇ دوستۇم دەپ ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتما، ھەزەر قىل، سىرىڭنى ئۆزۈڭ ساقلىيالمىساڭ، دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ، بۇنى ياخشى ئويلان.

## دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

بۇ دۇنيا (يولۇچىلار) چۈشۈپ ئۆتىدىغان سارايدۇر، سارايغا چۈشكۈچىلەر مېڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ ئۇزاپ كەتتى، ئالدى بىلەن قوزغالغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن؟!

نېمىشقا بۇ دۇنيانىڭ كەينىدە يۈرگۈلۈك؟ خەسىسلىكتىن ساقلىنىشقا ئۆزۈڭ كۈچە. نېمىشقا مال ـ دۇنياغا مۇنچىۋالا كۆڭۈل بېرىسەن؟ بۇ مال ـ دۇنيا ئەتىگەندە كەلسە، كەچتە

يەنە كېتىدۇ. مۈلۈكپەرەسلىكنى كۆڭۈلدىن چىقارغىن، ئەڭلىك پۈتۈن، قورساقىڭ توق بولسا شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن. ئەتىگە ئۆزۈقۈڭ بولمىسا، بۇ يوقسۇللۇقتۇر، مۈلۈك يوقلۇقىنى يوقسۇللۇق دېمە.

بۇ دۇنيا نەرسىلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كىيىدىغانلىرىلا ئال، ئارتۇق تىلىمە، گۇناھ يۈكلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنيانى ئېتىزلىق دەپ ئاتىغان، بۇ ئېتىزلىقتا ئىشلە، ياخشىلىق تەر. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس، مەززە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال. يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ، قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق، مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى. ھەممە كۆپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيىدۇ. بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ. (ئادەملىرى) سىغىشمايدىغان بىر مۇنچە يەرلەر بار ئىدى، (ھازىر) ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى. قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى، قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى قالدى؟

دۇنيا كۈلۈمسىرەيدۇ، ھەم قاپىقىنى تۈرىدۇ، بىر قولىدا ھەسەل تۇتۇپ، بىر قولىدا زەھەر ساقلار. ئاۋۋال ھەسەل بېرىپ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ، كېيىن زەھەر قېتىلغان قەدەھنى سۇنار.

تاتلىقنى تېتىغان بولساڭ، ئاچچىقنى تېتىشقا تەييارلان، راھەت بىرلەپ كەلسە، زەھمەت ئونلاپ كېلىدۇ. ئاھ، غەم ئۈمىدكە قوشۇلماي ئېقىۋېرىدۇ، بۇ دۇنيا قاچان ئۈمىد

ئورنى بولغان؟
بۇ دۇنيا گويا يىلاندۇر، يىلاننى ئۇرۇش كېرەك، (ئۇ)قول بىلەن يوقاتماقتا يۇمشاق، (لېكىن ئۇنىڭ) ئىچى زەھەر بىلەن تولغان. يىلان يۇمشاق بولغىنى بىلەن ياۋۇزلۇق قىلىدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭدىن) يىراق تۇرغۇلۇق، يۇمشاق دەپ ئازمىغۇلۇق. بۇ دۇنيامۇ سىرتتىن قارىماققا گۈزەلدۇر. لېكىن (ئۇنىڭ) ئىچىدە تۈمەنلىگەن ناخۇشلۇقلار بار. سەن ئۇنىڭ تاشقى بېزىكىنى كۆرۈپلا، (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل بەرسەڭ، بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ. دۇنيا بەزىدە نىقابىنى قايرىپ يۈزىنى ئاچىدۇ. (ئۇ) قۇچاقلىماقچى بولغاندەك قولىنى يايىدۇ، (لېكىن) يەنە تېز قاچىدۇ. بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى بىر چۈشتۇر. تۇرماستىن كېتەر ياكى قۇشتەك ئۇچار.

## مەردلىك ۋە بېخىللىق ھەققىدە

ئەي دوست، بىلىملىكنىڭ ئىزىدىن ماڭغىن، ئەگەر سۆزلىمەكچى بولساڭ بىلىپ سۆزلىگىن. ماختىساڭ مەردنى ماختىغىن، بېخىلغا چىڭ يا ئوقىنى بەتلىگىن.
ھەممە تىل مەردلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. مەردلىك بارلىق ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ. مەرد بول، ساڭا تىل ـ ئاھانەت كەلمىسۇن، (چۈنكى) ئۇ تىل ـ ئاھانەت يولىنى ئېتىدۇ.
ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەردلەر ئېگىدۇ. يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلەر يېتىدۇ. بېخىللىقنى ماختىغان تىل قېنى، قەيەردە، مەردلىكنى ئاددىي ۋە خاس — پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

خەلق ماختايدۇ.

قارا، مەردلەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ، مال - دۇنياسىنى شۇنىڭغا ساتتى ۋە مەدھىيە ئالدى. (ئۇلار) مىسكىنلەرگە تىلەكداش بولۇپ ياشىدى، (بۇ) دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى. بېخىل ھارامدىن كۆپلەپ ئالتۇن - كۈمۈش يىغدى. (ئۆزىگە) گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى. (ئۇنىڭ) مال - دۇنياسى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭدىن بېخىلغا تەگكىنى پۇشايماندىن ئىبارەت بولدى.

ئەي، مال ئىگىسى — مەرد، ياخشى ئادەم، تەڭرى ساڭا بەرگەندىكىن، سەنمۇ بەرگىن. ئەيىبلەنگەن ۋە قارغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەردۇر. (ئەگەر) بېرىشنىمۇ بىلسەڭ، قانچىلىك يىغساڭ يىغ.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئەيىبسىزى مەردلىكتۇر؛ بىلگىنىكى، بېخىللىق (ئۇلارنىڭ ئەڭ) چىركىنىدۇر.

قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قۇتلۇق قول — بەرگۈچى قولدۇر، ئېلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغىنى قوللارنىڭ قۇتسىزىدۇر.

بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلدۇر. بېخىلنىڭ قولى بېرىشكە كەلگەندە ئىنتايىن چىڭدۇر.

يىغىش بىلەن ئاچ كۆز بېخىلنىڭ كۆڭلى تويمايدۇ. ئۇ مال - دۇنياغا قۇلدۇر، مال - دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر.

خەلق ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئادەم — مەرد ئادەمدۇر. مەردلىك شەرەپ، ئىقبال ۋە جامالنى ئاشۇرىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەتكە ئېرىشمەك بولساڭ، مەرد بول، مەردلىك سېنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بېخىل — ناكەس، ئەخمەق، مۈلۈك ساقچىسىدۇر، يېمەي - ئىچمەي يىغىدۇ ۋە ئۇنى چىڭ تۇتىدۇ. هايات ۋاقتىدا دوستىغا تۇزىنىمۇ تېتىتمايدۇ، ئۇ ئۆلىدۇ، (مېلى) قالىدۇ، (ئاخىرىدا) مېلىنى دۈشمىنى يەيدۇ.

## كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

ساڭا يەنە بىر كېرەكلىك سۆزۈم بار، قۇلاق سال، مەن ساڭا (ئۇنى) ئېيتاي: بۇ (سۆز) شۇكى، تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇرۇپ، كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىش. تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق، قىلىقلارنىڭ ياخشىسى كىچىك پېئىللىق.

كىمكى ئۆزىنى ئۇلۇغ ساناپ مەنمەنچىلىك قىلىدىكەن، ئۇنى خالايىقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، تەڭرىمۇ ھەم شۇنداق.

دۇنيانىڭ بايلىقىنى يىغقانلارنىڭ ھەممىسى، (ئۇنى) يېمەستىن كېتىدۇ، (ئۇلارنىڭ) ھالىنى كۆرۈڭ. خوتۇنى باشقا بىر ئەر بىلەن قالىدۇ.

تەكەببۇرلۇق تونىنى كىيگەن بولساڭ، تېز سال، خەلققە غادايغان بولساڭ، دەرھال تىلىڭنى تۈزەت. مۆمىنلىكنىڭ نىشانى كەمتەرلىكتۇر. ئەگەر مۆمىن بولساڭ، كەمتەر بولغىن.

كەمتەرلىك قىلغاننى تەڭرى كۆتۈرىدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلغاننى يەرگە ئۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ ھېسابلىما،

(ئەگەر) مۈلكۈڭگە تايىنىپ ئۈلۈغلۇق تالاشساڭ ۋە ئۈلۈغلۇقنى قول ئۈزارتساڭ، مۈلكۈڭنىڭ نىمە پايدىسى بار، ئۈزۈڭ يالغۇز كېتىسەن، سېۋەت - ساندۇقۇڭ مۇندا قالىدۇ.

ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى «مەن ئېسىل» دېسە، مەن ئۇنىڭغا كېسىپ جاۋاب بېرىمەن: ئىنسانلار بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداش، ئوبدان سۈرۈشتۈرۈلسە، (ئۇلار ئارىسىدا) ھېچ پەرقى يوق.

## ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە

كەل، نەسىھىتىمنى ئال، تەمەگەر بولما، تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر. ھەي دوست، تەمە دېگىنىم ئۈزاق ئويلاشتۇر، ئۈزاق ئويلىما، كۆپ ئەمەل قىل.

دەيسەنكى، كىيىم - كېچەك، شاراب ۋە تاماق كېرەك، (ھەم) كۆپ بايلىق، نۇرغۇن قۇل، دېدەك كېرەك. ئەگەر ئۆمۈرلۈك مۈلۈك توپلىغان بولساڭ، (ئۇنتۇمىغىنكى) ئالدى بىلەن بۆكنى كىيىشكە باش كېرەك.

ئاچ كۆزلۈكمۇ كىشى ئۈچۈن ياۋۇز خىسلەتتۇر. ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر. بايلىق ۋە گادايلىق تەڭرىنىڭ قىسمىتىدۇر، ئاچ كۆزلۈك ئادەم ئۈچۈن پەقەتلا بىر قۇرۇق زەخمەتتۇر.

ئاچ كۆز دۇنيا بايلىقىنى يىغىپ تويمايدۇ. ئىگىسى قېرىيدۇ، (لېكىن)ئاچ كۆزلۈك قېرىمايدۇ. ئاچ كۆز ئاچ كۆزلۈكنى قاچان قويىدۇ؟ ئۆلۈپ تۇپراق ئىچىگە كىرگەندىلا

(قويىدۇ).
ئاچ كۆز (مۇلۇك) توپلاشتا ھېرىش ۋە زېرىكىشنى بىلمەيدۇ. ئاچ كۆزلۈك كېسىلىنىڭ داۋاسىنى كىم بىلىدۇ؟ شۇنداق بىر گەپ بار: بىر كىمگە ئىككى چاڭگال دىنار بېرىلسە، ئۇ ئۈچ چاڭگال تەلەپ قىلىدۇ.
ئەي ئاچ كۆز، ئاچ كۆزلۈكنىڭ نېمە كېرىكى بار، ئېيتقىنا ماڭا، ئۇ نېمىگە يارايدۇ؟ تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن رىزقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن، ئاچ كۆزلۈك ئۇنى ياخشىلىيالامدۇ؟

## كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار ھەققىدە

ئەسلىي گۈزەل كىشىنىڭ خۇيى گۈزەل كېلىدۇ. گۈزەل خۇيلۇق ئادەمگە كۆڭۈل باغلىنىدۇ.
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولىدۇ، لېكىن قارىماققا ھەممىسى بۆكلۈكتۇر.
(ئادەمنىڭ) پۈتۈن قىلىق ـ ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزەتكىن، كىم كەڭ قورساق بولسا، شۇنى ئادەم دېگىن.
تار قورساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەختۇر، مېۋىسىز دەرەخنى كېسىپ قالىغىن.
مۇسۇلمانغا شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولغىن، ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگەندەك مۇسۇلماننىڭ غېمىنى يېگىن. ساڭا جاپا قىلغۇچىغا جاۋابەن ۋاپا قىلغىن، (چۈنكى) قاننى قان بىلەن قانچە يۇسىمۇ تازىلانمايدۇ.
يارامىلىق يېمىكىڭنى باشقىلارغا يېگۈز، يارامىلىق ئېگىل

تاپساڭ يالىڭاچلارغا كىيگۈز. كىشلەرگە زورلۇق قىلما ۋە جاپا سالما. ئەگەر ساڭا (باشقىلاردىن) جاپا كەلسە، ئۇنى كۆتۈرگىن.

يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل، ياخشى بىلگىنكى، بۇ كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۈستۈن پەللىسىدۇر.

ئەگەر ساڭا بىر كىمدىن ياخشىلىق كەلسە، (ئۇ كىشىگە كۆپ مەدھىيە ئوقۇ ھەم (مەدھىيە) تىلە.

ئەيىبكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر، ئاداۋەت يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلا.

غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ يانسا، مۇلايىملىق سۈيىنى چاچ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈر.

كەڭ قورساقلىق گويا بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق (ئۇنىڭدىكى) قىزىلگۈلدۇر.

يىقىلغاننى يۆلەپ، كىسەلگەننى ئۇلا، بۇنداق قىلغاندا ئادەمگە ئازاد (ئادەم) قۇل بولىدۇ.

ئەي دوست، چوڭلارنىڭ ھەققىنى قوغدا، پايدىسىز سۆز ـ چۆچەك ۋە جېدەلدىن ساقلان. بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر چوڭلارنىڭ ساڭا بولغان غەزىپىنى قوزغايدۇ. كىچىكلەرنى بولسا بىئەدەپلىككە ئۈندەيدۇ، بۇنى ھەقىقەت بىل.

بالا كەلسە، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋر قىل، بالا ۋە زەخمەت يوقىلىپ شادلىقنىڭ كېلىشىنى كۈت. جاپانىڭ نۆۋىتى كېتىپ، ئوتى ئۆچىدۇ، سەۋر ئىگىسى ساۋابىنى يۇدۇپ قالىدۇ.

يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشسەڭ، ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما،



www.uyghurkitap.com

ئەتلەس كىيسەڭ، بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما. ئۆسكەنسېرى مۆلايىم بولۇپ، چوڭ ۋە كىچىككە سىلىق سۆز قىل.
سۆزلىسەڭ ئويلاپ سۆزلە، ئالدىراپ كەتمە، سۆزۈڭنى يوشۇر، كېيىن بېشىڭنى يوشۇرۇپ يۈرمە. مىڭ ئادەم (ساڭا) دوست بولسا، ئۇنى كۆپ كۆرمە، بىر ئادەم (ساڭا) دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دېمە.
ھەرقانچە ئەقىللىق كىشىمۇ بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدۇ. ھەرقانچە ئۇستا ھۈنەرۋەندىمۇ بىرەر ئەيىب بولىدۇ. مۇشۇ بىر ئەيىب سەۋەبىدىن كاللىسىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، (بۇ) دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەم قالمايدۇ.
ياخشى قىلىق بىلەن كۆڭۈللەرنى ئېچىپ ياشا، يامانلىقتىن ئۆزۈڭنى نېرى تارت.
بىر ئىش قىلساڭ، (ئۇنى) ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېرەكلىك ياكى كېرەكسىزلىكىنى ھەقىقىي بىلىپ قىل.
ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدان كۆزدىن كەچۈر، ئۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلا. سۆيۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، ئۆكۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنى ئوبدانراق ئويلا.
ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ئارزۇ بىلەن باقىي بولمايدۇ. ياخشى ـ يامان ئىشنىڭ جاۋابى كېچىكىپ كەتمەيدۇ. ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن (كىشى)، تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ.
كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ. كىشى ياخشى دوستىنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆپ ياخشىلىققا

ئېرىشىدۇ.

يامانغا يولىما، يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى ئېزىدىلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ.

## زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە

دوستلۇق جالىشىپ كەتتى، ھەقىقەت قېنى؟ مىڭلارچە دوستتىن بىرمۇ سادىقى چىقمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن سادىق دوستۇڭدەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدىن ۋاپاسىزدۇر، بۇنى بىلىپ قوي.

بۇگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر، ئىسىت، ئىنسانلىق قېنى، نەگە كەتتى. ۋاپا كۆلى سوغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى، جاپا تولۇپ تاشتى، دېڭىزدىن ئاشتى. قېنى، ئەھد ـ ئامانەت، قېنى ياخشىلىق؟ كېيىنكى كۈنلەردە ياخشى ئىشلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ. ياخشىلىقنىڭ بېشى كېتىپ بولدى، ئاخىرىمۇ كېتىدۇ، يامانلىقنىڭ ئالدى كەلدى، ئاخىرىمۇ كېلىدۇ.

زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەبىر ـ جاپا بىلەن تولدى، قېنى بىر ساۋاپلىق؟ بار بولسا تىلە. ئۆزۈڭ بۇزۇق، شۇڭا زامانمۇ بۇزۇلدى، (شۇنداق تۇرۇقلۇق) نېمىشقا بۇ دۇنيادىن شىكايەت قىلىسەن؟

قېنى، ئەمىرمەرۇپكە رىئايە قىلىدىغان ئادەملەر، قېنى، ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەرنىڭ ئۆزى؟

خەلق بىلەن كارىڭ يوق، زاماننىڭ ئەيىبلەيسەن،

زامانىڭنى ئەيىبلىمەي، كىشىلىرىڭنى ئەيىبلە.

كىم ئىككى يۈزلىمىچى بولسا، شۇ ئىبتىبارلىق بولۇۋاتىدۇ، ئىبتىبارلىق بولىمەن دېسەڭ، ماڭ، ئىككى يۈزلىمىچى بول. كىم يوللۇق بولسا، ئۇنىڭغا يول يوقتۇر، كىم يولسىز بولسا، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر.

ئەي ئەخلاقسىز، شادلىنىپ كەزگىن، بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ، خالىغىنىڭنى قىل. تىلىكىڭ بويىچە راھەت ئىچىدە قايغۇسىز ياشا، سېنى قەيەردە ۋە قانداق تىل بىلەن كىم توسىدۇ؟

ئۇيات يىتتى، ھىمىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

خەلق مال - دۇنياسى بار كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئازاد جىسمىنى پۇتۇنلەي ئۇلارغا قۇل قىلىدۇ. مال - دۇنياسى يوقلارنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەي مال - دۇنياغا ھېرىس كىشى، ھەقىقەت بىلكى، بۇ مال بۇگۈن قايغۇ ۋە غەم، ئەتە بولسا يۈك ۋە گۇناھتۇر.

نېمىشقا مال - دۇنياغا مۇنچىۋالا ھېرىسسەن؟ ئويلايدىغىنىڭ شۇ (مال - دۇنيا)، سۆزلەيدىغىنىڭمۇ شۇ. (ئۆزۈڭ) كېتىسەن، مال - دۇنيايىڭ دۈشمىنىڭگە قالىدۇ، كېيەنلىك بۆزۈڭنىمۇ ئۇياتقىنىدىنلا بېرىدۇ.

سېنىڭ مال - دۇنيايىڭ سېنى كەتكۈزىدىغان مال - دۇنيا، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ساڭا بىر ھەسرەتتۇر. توپلاش سەن ئۈچۈن تاتلىق (بولغىنى بىلەن)، ئەتە تاشلاپ كېتىش ئاچچىق بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ئارىلاشما بولىدۇ، (ئۇنىڭ ئىچىدە) دەردى ناھايىتى كۆپ، لەززىتى ئازدۇر. ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ، ھەسەلدىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ دۇنيا ھۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن ۋاپاسىزراقتۇر. (ئۇلارغا قارىغاندا) ھۈنەرسىزلەرگە جاپا ئازراقتۇر. ھۈنەر بىلەن دۆلەتنىڭ بىللە بولۇشى، ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىنمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر.

بۇ ھۈنەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟ نېمىشقا بۇ دۇنيا ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز قىينايدۇ؟ پەسلەرنى كۆتۈرۈلۈپ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ؟ ئەمسە، بۇ قۇتسىز دۇنيا قېرىپ ئەقلىدىن كەتتىمۇ؟

ئەي ئۆز ھۆكمىنى دۇنيا يۈزىدە يۈرگۈزگۈچى، بەزەن ئەيىبلەپ، بەزەن ماختىغۇچى، كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن كېلىدۇ، (ئىنسان) يولۇققان ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ.

نېمىشقا دۇنيانى مۇنداق قارىلاپ ئەيىبلىگۈلۈك؟ قازا ـ تەقدىرنى تەڭرى كەلتۈرگەن ۋە ياراتقان.

ئاياغقا تىكەن سانجىلىشى تەقدىردىن بولۇر، ئىلىكنىڭ تۇزاققا چۈشۈشى (مۇ) تەقدىردىن بولۇر. (باشقا) كەلگەن ھەممە ئىش تەقدىردىن كېلىدۇ، ئۇقمىغانلار ئۇنى سەۋەبتىن كۆرىدۇ. ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار تەقدىر بىلەن يا شاخقا قونىدۇ، يا قەپەسكە كىرىدۇ.

قازا كەلسە، يۈگۈرۈكنى ئۇرۇپمۇ يۈگۈرتكىلى بولمايدۇ،

(كەلگەن) قازانى كۆچلۈك ئوقيا بىلەنمۇ قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ساڭا كۆلپەت، ئۇنىڭغا خەزىنە بەرگەن تەڭرىدۇر، ئەي كۆلپەت ئىگىسى، (بۇ) كۆلپەتتىن شىكايەتلەنمە.

## كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزرى ھەققىدە

كىتابنى ئۆگۈت ـ نەسىھەت شەكلىدە يازدىم، ئوقۇسا تىل (خۇددى) ھەسەل يېگەندەك بولىدۇ. كىمكى، بۇ سۆزلەرنى باشقىلارنىڭ سۆزى بىلەن سېلىشتۇرسا، دۇرۇس بىلەن يالغاننى سېلىشتۇرغان بولىدۇ.

ئېتىم ئەدىب ئەھمەت، سۆزۈم پەند ـ نەسىھەت، جىسمىم كېتەر، سۆزۈم مۇندا قالار.

باھار ئۆتىدۇ، كۈز كېلىدۇ، ئۆمۈر ئۆتىدۇ، بۇ باھار ۋە كۈزلەر ئۆمۈرنى تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈركىي كىتابنى چىقاردىم، خالىساڭ بۇنى قوبۇل قىل، ئەي دوست، خالىساڭ ئەيىبلە.

ئۆزۈم كەتسەم، سۆزۈم قالسۇن دەپ، بۇ (كىتابنى) تەڭداشسىز گۈزەل سۆزلەر بىلەن يازدىم. شۇڭا بۇ ئۇز ۋە ساپ بىر كىتابتۇر، سۆزلەرنىڭ كېرەكسىزلىرىنى تاشلاپ، تاللاپ كەلتۈردۈم. (ئادەتتە) ھەزىل كۆپ، لېكىن نادىر ۋە ساپ (سۆز) ئاز بولىدۇ، (خۇددى) زەرلىك ئەتلەس ئاز، ئەرزان بۆز كۆپ (بولغىنىدەك).

ئەي مەندىن كېيىن (دۇنياغا) كەلگەنلەر، بۇنى ئوقۇساڭلار مېنى دۇئادا ئۇنۇتماڭلار. مەن سىلەرنى ماڭا دۇئا قىلسۇن دەپ،

بۇ تەڭداشسىز سۆزلىرىمنى سىلەرگە ھەدىيە قىلدىم.

ئەدىب ئەخمەت ھەققىدە(1)

ئەدىبنىڭ كۆزى تۇغما كۆرمەس ئىدى، سۆزى بۇ ئون تۆت باب ئىچىدە تاماملاندى. ئۇستىگە ئالتۇن ئارتىلغان بىر پىل بولسا، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا شۇنىڭغا تەڭ كېلىدۇ.

ئەدىب ئەخمەت ھەققىدە(2)
(ئەمىر سەيفىددىن)

ئەدىبلەر ئەدىبى، پازىللارنىڭ كاتتىسى، ئەقلى بىلەن گۆھەردەك سۆزلەرنى قىلغان، بۇ سۆزنىڭ ئىبىسلىدۇر. شۇ سائەتتە ئۇنىڭغا تەڭرى رەھمەت قىلسۇن، ئەتە قوپقاندا يارانلار ھەمرا بولسۇن.

ئەدىب ئەخمەت ھەققىدە(3)
(بۇيۇك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان)

ئەدىبنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى يۈكنەكتۇر، ئۇ كۆڭۈل يايرايدىغان ساپ ھاۋالىق ياخشى يەردۇر. ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇت يۈكنەكىدۇر، ئۇ ئەدىب مەھمۇت ئوغلىدۇر، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر.

بۇ كىتابنىڭ نامى ئەتەبەتۇلھەقايىق، بۇ ئىبارە ئەرەبچە

تۇزۇلگەندۇر. (ئەسەرنىڭ) ھەممىسى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان، ئەدىب (بۇنى) چىن دىلىدىن (چىقىرىپ) ئېيتقان.

قەشقەر تىلىنى بىلگەن ھەر كىشى ئەدىبنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىدۇ. كىشى تىلىنى بىلگەندىلا، مەنىسىنى بىلىدۇ، ئۆزى بىلمىگەننى بىلىمەن دېيىش ئەيىبلىكتۇر. بىز كۆپ كىشىلەرنى كۆرىمىزكى، ئەدىبنىڭ سۆزىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ. (بىر قىسىملار) خاتا مەنە بەرگەنلىكىدىن، خالايىق ئىچىدە ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ. شۇ ئىشلار سەۋەبىدىن كىتابنى پۈتتۈق، خالىساڭ قوبۇل قىل، خالىساڭ ئەيىبلە. كىمكى ئەدىبنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلىسە، ئۇنىڭ خالايىق ئارىسىدا ئېتىبارى كۆتۈرۈلىدۇ.